# تېبىي نۇجۇم توغرىسىدا

(ئابلىمىت غۇجابدۇللا قاراقاش)

# سۆز بېشى

خەلقىمىز ئىچىدە ھېلى ھەم بىرە ئىشنى قىلماقچى ياكى ئىش باشلىماقچى بولساق
« يا . . بىسمىللاھ . . . ئون ئىككى ۋاخ يىگىرمە تۆت سائەت ! » دەيدىغان ، « پالانى ئىش تېخى مۇنداق بولماپتۇ » دىسە « تېخى سائىتى كەلمىگەن ئوخشايدۇ » دەپ جاۋاب بېرىدىغان يەنە خەيرلىك سۆزلەرنى ، ياخشى تىلەكلەرنى ئېيتقان چېغىمىزدا «ئېغىزىڭىزدىن سائەت چىققاي !» دېسەك ، ئاچچىقىمىزدا خەيرسىز يامان سۆزلەرنى ئېيتقىنىمىزدا « ھاي ئۇنداق دىمە! ئېغىزىڭدىن سائەت چىكەتمىسۇن يەنە » دەيدىغان سۆزلەش ئادىتىمىز بار .

دىنلارنىڭ توغرىسى تاتلىق دىن - ئىسلام ۋە ئىلاھى مۆجىزە - شىرىن كىتاب « قۇرئان » ئۇلۇغ ئاللاھ تەرىپىدىن خەلقىمىزنىڭ قەلبىگە نۇردەك ئېقىپ كىرىپ روھىمىز دا ئاجايىپ تەڭداشسىز ئورۇننى ئىگىلەپ تۇرلۇك ئىش - كۈشلەرنى باشلىغاندا ئەقىدىمىزدىكى ئاللاھقا بولغان مۇھەببەت ۋە ھۆرمىتىمىزنى بىلدۇرىدىغان «بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم!» دېگەن ئۇلۇغ كەلىمىنىڭ كەينىگە «سائەت» سۆزىنى قېتىۋالغانلىقىمىزدىن قارىغاندا ئەجداتلىرىمىز ئۇزاق زامانلاردىن بىرى ئالەم ۋە ئادەم ئۇستىدە توختاۋسىز ئىزدىنىپ ئاسترونومىيە جەھەتلەردە ئالەمشۇمۇل نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ بۇنىڭدىن ئەمىلى پايدىلانغان ھەم باشقىلارغا تارقاتقانىكىن دەپ قارايمەن .

مەن يۇقارقىدەك سۆزلەرنى ئاڭلىغىنىمدا «ئادەمنىڭ ئاغزىدىن قانداقمۇ سائەت چىقسۇن؟ » دەپ ئويلاپ قالاتتىم چۈنكى مىنىڭ نەزىرىمدىكى «سائەت» خېلى ۋاقىتلارغىچە قول سائىتىنى ياكى ئۇستەل سائىتىنى بىلدۇرەتتى. دېمەك ئەجدادىمىنىڭ سائەت قارىشى بىلەن مەندەك بىر ئەۋلاتنىڭ سائەت چۈشەنچەم ئوتتۇرىسدا چوڭقۇر ئايرىلىق پەيدا بولغانلىقىنى ، بۇ ئايرىلىقنى تونۇپ يىتىش ئۈچۈن شۇنداقلا ئەجدادىمىنىڭ ئەۋلادى بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ توغرىسىدا ئىزدىنىشكە تامامەن ھوقۇقلۇق دەپ قاراپ بۇ ئىلىم ئۇستىدە ئاز تولا ئىزدىنىپ باقتىم. گەرچە مەن ئىلمى نۇجۇم توغرىسىدا مۇكەممەل ھۆكۈم - شەرھلەرنى ، ئاجايىپ سىر

ئەسرالارنى دەپ بىرەلمىسەممۇ لېكىن يۇلتۇزلارنى ئاز - تولا چۈشەنگەندەك بولدۇم .
شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتمەكچىمەنكى بۇ كىتاپنى تۈزۈشتىكى مەقسىتىم ئىلمى نوجۇمنى ئىنسانىيەتنىڭ ساغلاملىقىغا خىزمەت قىلدۇرۇشقا ئۈرۈنۈپ بېقىش يەنى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىلگىرى تەتقىق قىلغان ھەم ئىشلەتكەن تېببى نۇجۇمنى قايتىدىن ئىزدەپ قېزىپ ئۇنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تېبابىتىگە ئۆزلەشتۈرۈشكە ياردەم قىلىش ھەم باشقىلار بىلەن مۇشۇ جەھەتتە ئورتاقلىشىش بولۇپ ھەرگىزمۇ تەقدىرچىلىك ياكى پالچىلىق ئۈستىدە ئىزدىنىش ئەمەس.
بۇ كىتاپتا بايان قىلىنغان بولۇپمۇ ھەرقايىسى سە يياره - يۇلتۇزلارنىڭ ھەرقايىسى بۇرۇجلاردىكى ئورنىنى بىلدۈرىدىغان سان - ساناق قىممەتلەر بولسا خەلقئارادىكى ھازىرقى زامان ئاسترونومىيە تەتقىقات ئورۇنلىرىدىكى - تەتقىقاتچى خادىملارنىڭ زامانىۋى پەن - تېخنىكىلىق قورالىدىن پايدىلىنىپ ھەرقايىسى سەييارىلەرنىڭ ھەرىكەت يۆ لىنىشىنى، تېزلىكىنى، سەييارىلەرنىڭ ئورنى ۋە يۇلتۇزلار ئارا مۇناسىۋەتلىرىنى ناھايىتى توغرا ئۆلچەپ چىقىشتىن شۇنداقلا ئۇزاق مۇددەتلىك ئىلمى ئىزدىنىش تەتقىقاتىنىڭ نەتىجىسىدىن كەلگەن . بەزى سان ساناقلارنىڭ توغرا - ئىشەنچلىك بۇلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ياۋرو پادىكى بىرقانچە ئاسترونومىيىلىك تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ماتىرىياللىرىنى بىرمۇ بىر سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈپ چىقىش بىلەن بىرگە (دوستلىرىمنىڭ نەزىرىدە كۆپىر بولۇپ قالماسلىقىم ئۈچۈن ) يەنە بەزى سانلىق قىممەتلەرنى (ئاي فازىسى توغرىسىدىكى ) ئىسلام ئەللىرىنىڭ تۈزگەن يۇمشاق دېتالدىكى مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلىرىغا سېلىشتۇرۇپمۇ باقتىم ئاخرىدا يەنىمۇ بىر پەللە ئىشەنچلىك بۇلىشى ئۈچۈن NASA (ئامېرىكا دۆلەتلىك ئالەم ئىشلار مەھكىمىسى) نىڭ ئاسترونومىيىگە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللىرىغا بىرمۇ - بىر سېلىشتۇرۇپ دەلىللىدىم.
يا رەببىم !
بىز ئۆلۈم يېتىمدىن باشقىدا ناخشا ئېيتىپ ئۇسۇل ئويناپ بىر بىرىمىزنىڭ تەلەپپۇزىنى دوراشتىن قانغۇچە خۇشاللىق تېپىۋاتقىنىمىزدا «باشقىلار» يەر

شارىنىڭ ئۇ قېتىدا ئولتۇرۇپ ئىلغار پەن ـ تېخنىكىنىڭ ياردىمىدە ھەج ئۆچۈن يىغقان پۇلىمىزنىڭ راست ـ يالغىنىنى ئايرىغۇدەك ، ئەمەل ئۆچۈن ئۆيقۇمىز كەلمەي چەككەن تاماكىمىزنىڭ نەشە ياكى سىگارت ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغۇدەك ، زىمىستان قىشتا يالاڭئاياغ كىتىۋاتقان ئانا ـ بالا تىلەمچىنىڭ ئۇرۇق ـ سېمىزلىكىنى ماڭغاندىكى ئىزىدىن ئۇقۇۋالغۇدەك دەرىجىگە بېرىپتۇ يا !....

ھېلىمۇ ياخشى « كۆزىدىن ئ ايرىغان خۇدايىم ھاسسىدىن ئايرىماپتۇ » دىگەندەك ئىلغار پىكىرلىك دوكتور ـ ئالىم ئۆلىمالىرىمىز ، دىنىي خادىملىرىمىز، ھەر ساھە كەسپلەردىكى تۇغرا پىكىرلىك زىيالىيلىرىمىز ، پەخىرلەنگۇدەك ئانىلىرىمىز بار ئىكەن . ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇلار ھەرۋاقىت بىزنى سەگىتىپ مەرىپەتكە چاقىرىپ نىشانىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ، بولمىسا ياراتقۇچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماي يارىلىشىمىزدىن ئاغرىنىپ ئۆزىمىزدىن تۆۋەنلەرگە بۇقىغا يانغان كالىدەك ھۆركىرەپ ئۆزىمىزدىن يۇقىرىلارغا پاھىشلەردەك قىلىق چىقىرىپ ئەتىدىن كەچكىچە كۆز بۇياپ يۈرەرمىدۇق، يۈرىكىمىز پارتلاپ كەتكۇدەك ناھەقچىلىقنى كۆزىمىز كۆرۈپ تۇرسىمۇ «تەقدىرگە مۇشۇنداق پۈتۈلگەن، تەقدىرسىز قىل تەۋرىمەيدۇ » دەپ نومۇس قىلماي بىزنى ياراتقان ئاللاھىمىزغا ئارتىپ قويۇپ بەخىرامان يۈرىۋىرەرمىدۇق...

ئاللاھقا مىڭ شۈكرى ! تۇغرا پىكىرلىك ئالىم ـ ئۆلىمالارنى، خەلقنى يېتەكلىگۈچى زىيالىلارنى،خەلقپەرۋەر، ئېتىقادلىق ئۇقۇمۇشلۇق كىشلەرنى ئاللاھ ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي ھەم سېپىنى ئۈزلىكسىز كۈچەيتكەي .

بىلگەنلىرىمنىڭ ئازلىقىدىن شۇنداقلا يېزىقچىلىققا ناقىسلىقىمدىن بۇ بىر«نازۇك» تىمىنى بۇزماي دىگەن ئىدىم، لېكىن كىتابنى تۈزۈشتىكى مەقسىتىم بىرىنچىدىن ئاز ـ تولا بىلگەنلىرىمنى ئاۋامغا سۇنۇپ بۇ جەھەتتە باشقىلار بىلەن ئورتاقلاشقۇم كەلدى. ئىككىنچىدىن تېبىبي نۇجۇم جەھەتتە مۇناسىۋەتلىك ئورۇن ـ شەخسلەرنىڭ ھەرخىل ياردەم قوللاشلىرىغا ئېرىشەلىسەم باشقىلارنى ئۇستاز تۇتۇپ بۇ جەھەتتە مەخسۇس بىر تەتقىقات تېمىسىنى چۆرىدەشنى ئويلىغانلىقىم . ئۈچىنچىدىن قىزىقىشىم داۋامىدا بۇ تېمىغا مۇناسىۋەتلىك بەزى مەسىلىلەرنى تېخىمۇ ئەتراپلىق بىلىش ئۈچۈن

خەلقاراديكى مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە شەخسلەرنى ئۇستاز تۇتۇپ ئۇلار بىلەن ئالاقىلىشىپ بەزى مەسىلىلەرنى سوراپ ئۆگىنىشكە توغرا كەلدى. ناۋادا بۇ كىتاب نەشر قىلىنىپ قالسا مەن بۇ كىتابنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا كۆرسىتىپ ئۇلارنىڭ رۇخسىتىنى ئالغاندىن كېيىن دەرھال چەتئەللەردىكى مۇناسىۋەتلىك ئالىم ئۇستازلىرىمىز بىلەن ئالاقىلىشىپ مۇشۇ تېما جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇشتەك مەقسەتلەردە بۇنىڭغا تۇتۇش قىلدىم . كىتاۋىمدىكى قاراشلىرىم ناھايىتىمۇ «يۇمران» بولغاچقا بۇلارنى ئىلمى ئاساسقا ئىگە قىلىش ئۈچۈن بەزىبىر بايانلارنى ئاشكارا ئېلان قىلىنغان مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن ئەينەن كۆچۈرۈپ ئېلىپ پايدىلاندىم. بەزى قىممەتلەرنى دەريادىن قاشتېشى ئىزدىگەندەك ئىزدەپ ناھايىتى ئەجىر بىلەن مارجان قىلدىم . كىتاپتىكى سۆزلىرىمدە خاتالىق، تەكرارلىق ياكى ئارتۇقلۇق بولۇپ قېلىشى تەبىئى ، ئەپۇ قىلىپ مېغىزىنى ئالغايسلەر.

ئاخىرىدا ھەرساھە ـ ھەر كەسپلەردىكى ئىنسانىيەتكە پايدىلىق تۆرلۈك ئىشلار ئۈچۈن كۈرەش قىلغان ھەم كۈرەش قىلىۋاتقان ئەزىزلەرگە، ئىلىم تەھسىل ـ تەتقىق يولىدا توغرانەتىجلەرنى يەكۈنلەپ چىقىپ ئىنسانىيەتكە تەقدىم قىلغان ئىلگىرىكى ۋە ھازىرقى بۈيۈك ئالىم ـ پىروفىسسور ۋە تەتقىقاتچى خادىملارغا، شۇنىڭدەك ئۇلارنى قوللىغان تەشكىلات ۋە شەخسلەرگە ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ رەھمەت قىلىشىنى تىلەيمەن!

# ئىلمى نۇجۇم توغرىسىدا

(ئىزاھات: «تىببىي نۇجۇم» توغرىسىدا ئەزىزلەرگە سۆز قىلىشتىن بۇرۇن بىز ئۆيغۇرلارغا نىسبەتەن ئىلگىرىكى زامانلاردا ناھايىتى تونۇش بولغان لېكىن ھازىرقى زامانغا نىسبەتەن بىزگە بىر ئاز گۇڭگىلىشىپ قالغاندەك تۇيۇلۇۋاتقان «ئىلمىي نۇجۇم» توغرىسىدا سۆز قىلىشقا توغرا كەلدى، مەقسىتىمىز ئىلمىي نۇجۇمنى تېبابەت ساھەسىگە تەتبىقلاش بولغانلىقى ئۈچۈن گەپنى باشقا جايدىن باشلاشقا توغرا كەلدى ،توغرا چۈشەنگەيسىزلەر)

ئىلمى نۇجۇم توغرىسىدا كۆپ سانلىق كىشىلەر مۇئەييەن چۈشەنچىگە ئىگە شۇنداق بولسىمۇ تۆۋەندە مەن يەنىلا 12 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئەدىب ۋە شائىر نىزامى ئەرۇزى سەمەرقەندىنىڭ« چاھار ماقالە » ناملىق ئەسىرىنىڭ(مىللەتلەر نەشرىياتى ، پارسچىدىن بارات رەجەپ تەرجىمىسى) مۇناسىۋەتلىك بايانلىرىغا مۇراجەت قىلماقچىمەن (بۇ مەشھۇر ئەسەر شەمسۇلمائالى ۋەشمىگىر قابۇسنىڭ « قابۇسنامە » دېگەن ئەسىرى بىلەن بىرلىكتە « كىتابلار ئانىسى » دەپ ئاتىلىپ جاھان مەدەنىيەت خەزىنىسىدىمۇ ئۆزىگە مۇناسىپ ھۆرمەتلىك ئورۇننى ئىگىلىگەن)

ھېكايەت : يەمىند دەۋلە سۇلتان مەھمۇد بىننى ناسىرىددىن غەزنە شەھرىدىكى ۋاقتىدا، بىر قېتىم ئۇ بوستانلىق باغچىنىڭ شىپاڭىدا ئولتۇراتتى . بۇ شىپاڭنىڭ تۆت ئىشىكى بار ئىدى. ئۇ تۇساتتىن بۇرۇلۇپلا ئەبۇ رەيھان بىرۇنىدىن : « مەن قايسى ئىشىكتىن چىقىپ كېتىمەن؟ سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئويلىغىنىنى بىر ۋاراق قەغەزگە يېزىپ ، مېنىڭ سېلىنچامىنىڭ ئاستىغا قويۇپ قويۇڭ » دېدى .

بۇ تۆت ئىشىكنىڭ ھەممىسى سىرتقا ئېچىلاتتى .ئەبۇ رەيھان ئۇستۇرلاب(قەدىمكى ئاسترونومىيىدە يۇلتۇزلارنىڭ ئورنىنى بىلىشتە ئىشلىتىدىغان بىر خىل جابدۇق ياكى تەخسە شەكىلدىكى سەيي ارىلەر مودېلى) كەلتۈرۈپ ، يۇلتۇزلارنىڭ يۆنىلىشىنى ۋە قۇياشنىڭ ئېگىزلىكىنى مۆلچەرلەپ ، سائەتنى خاتىرىلىۋالدى . ئاندىن كېيىن نەتىجىسىنى بىر پارچە قەغەزگە يېزىپ سۇلتان مەھمۇدنىڭ سېلىنچىسىنىڭ ئاستىغا سېلىپ قويدى. سۇلتان مەھمۇد : « يېزىپ بولدىڭىزمۇ؟» دەپ سورىدى . ئۇ :

« يېزىپ بولدۇم » دەپ جاۋاب بەردى .
كىم بىلسۇن سۇلتان مەھمۇد ھۈنەرۋەنلەرنى چاقىرىپ كېلىپ ، پالتا ۋە تۆمۈر گۈرجەكلەر بىلەن شەرق تەرەپتىكى تامدىن بەشنچى بىر ئىشكنى ئاچقۇزدى . ئاندىن كېيىن ، ئۇ ئاشۇ ئىشكتىن چىقىپ كەتتى .
ئۇ ئەتراپىدىكىلەرنى بۇيرۇپ ، ھەغەزنى ئەكەلدۇرۇپ كۆردى .ئەبۇ رەيھان خېتىدە : « سىز بۇ تۆت ئىشكتىن چىقماي ، شەرقىي تامدىن بىر ئىشك ئاچقۇزۇپ شۇ ئىشكتىن چىقىپ كېتىسىز » دەپ يازغانىدى . سۇلتان مەھمۇد بۇنى كۆرۈپ ئەكسىچە ئاچچىقلىنىپ كېتىپ : « بۇنى ئېلىپ چىقىپ ھويلىغا تاشلىۋېتىڭلار » دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى . ئەتراپىدىكىلەر بۇيرۇقنى ئىجرا قىلدى. بىراق ئۇ ئۆگزە بىلەن زېمىن ئارلىقىدا بۇرۇنلا تور تارتىپ قويۇلغان بولۇپ، ئەبۇ رەيھان ئالدى بىلەن تورغا چۈشۈپ، تور يىرتىلغاندىن كېيىن يەنە يەر يۈزىگە چۈشتى شۇڭلاشقا ئۇ زەخىملەنمىدى.
سۇلتان مەھمۇد ئۇنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرىدى . ئۇنىڭغا : « ئەي ئەبۇ رەيھان ، بۇ قېتىم سىز بۇنى ئويلىمىغان بولغىيتتىڭىز؟ » دەپ سورىدى .
ئەبۇ رەيھان : « سۇلتان ھەزرەتلىرى ، بۇنى ئويلاپ يەتكەنىدىم » دەپ جاۋاب بەردى. سۇلتان مەھمۇد يەنە نېمىگە ئاساسەن ئويلاپ يەتكەنلىكىنى سورىدى. ئەبۇ رەيھان ۋەزىنىڭ غۇلامىنى چاقىرىپ، ئۇنىڭ قولىدىكى خاتىرە دەپتەرنى ئالدى . ئۇنىڭ خاتىرىسىگە قىسمەت ـ تەلىيى ۋە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بار بولغان ئەھۋاللارنى پۈتكەنىدى ئۇ خاتىرىنى ۋاراقلاپ بۈگۈن دۇچار بولىدىغان ئىشلارغا كەلگەندە، خاتىرىسىگە : « مەن يۇقىرىدىن تاشلىۋېتىلىمەن، ئەمما خاتىرجەم يەرگە چۈشۈپ، ھېچقانداق زەخىملەنمەيمەن » دەپ يازغانىدى . بۇ خاتىرىمۇ سۇلتان مەھمۇدنىڭ ئاچچىقىنى قوزغاپ قويدى ۋە تېخىمۇ چېچىلىپ كەتتى . ئۇ ئەتراپىدىكىلەرگە : « ئۇنى تاغ چوققىسىغا ئېلىپ چىقىپ قاماپ قويۇڭلار » دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى . ئەتراپىدىكىلەر ئەبۇ رەيھاننى غەزنىنىڭ تاغ چوققىسىغا ئېلىپ چىقىپ ئالتە ئاي قاماپ قويدى .
ھېكايەت :
ئالتە ئاي ئىچىدە بىرمۇ ئادەم سۇلتان مەھمۇدنىڭ ئالدىدا ئەبۇ رەيھاننىڭ ئىشى توغرۇلۇق ئېغىز ئاچالمىدى . بۇ ۋاقىت ئىچىدە، بىر غۇلامى

مەخسۇس ئۇنىڭ يېتىپ ـ قوپۇش ۋە بېرىش ـ كېلىش ئىشلىرىدىن خەۋەر ئېلىشقا تەيىنلىدى.
بىر كۈنى، بۇ غۇلام غەزنىنىڭ ئوتلاق مەيدانىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بېرىپ، بىر پالچىغا يولۇقۇپ قالدى.پالچى ئۇنى چاقىرىپ: « ئىقبالىڭغا باقسام، بىر ئىش زاھىر بولغۇدەك . ئەگەر ماڭا ھەدىيە بەرسەڭ، تەپسىلىي بايان قىلىپ بېرىمەن » دېدى. غۇلام ئۇنىڭغا ئىككى دىرھەم پۇل بەردى پالچى: « سىزنىڭ يېقىن كىشىڭىز مۇشكۇلاتقا ئۇچراپتۇ . ئۈچ كۈندىن كېيىن بۇ مۇشكۇلات ئۆتۈپ كېتىپ، كىمخاپ تونغا ئېرىشىپ قايتىدىن قەدىرلەشكە ئېرىشىدىكەن » دېدى. غۇلام تاغقا قايتىپلا بۇ ئىشنى خوجايىنىغا بىر قۇر سۆزلەپ بەردى. ئەبۇ رەيھان كۈلۈپ كېتىپ« ھەي ئەخمەق! سىز نادانلىق قىلىپسىز. پالچىغا ئىككى دىرەم پۇلنى بىكارغا بېرىپسىز » دېدى.
سۇلتان مەھمۇدنىڭ ئەھمەدى ھەسەن مىمەندى ئىسىملىك بىر ۋەزىرى بار ئىدى. ئالتە ئايدىن بىرى ئەبۇ رەيھان ئۇچۇن گەپ قىلىشقا پۇرسەت كۈتۈپ يۈرەتتى.دەل شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، شىكارگاھتا پادىشاھنىڭ كۆتۈرەڭگۈ ۋە خۇشال كەيپىياتتا ئىكەنلىكىنى كۆردى. ئۇ ئاستا ـ ئاستا تېمىنى ئىلمىي نۇجۇمغا يۆتكىدى. ئۇ: « بىچارە ئەبۇ رەيھانىنىڭ ئىككىلا قىياسى توغرا چىققاندى، ئۇ بىرەر ھەدىيىگە ئېرىشىش ئۈمىدىدە تۇرسۇن، ئەكسىچە زىندانغا قاماپ قويۇلدى » دېدى. سۇلتان بۇ سۆزگە جاۋابەن :« ۋەزىر ئەئزەم، سىز بىلىسىز، بۇ ماڭىمۇ ئايان . كىشىلەر ئۇنى بىلىم ـ ھېكمەتتە ئالەمدە تېپىلغۇسىز كىشى بولۇپ، ئۇنىڭغا بەلكى ئەبۇ ئەلى سىنا تەڭلىشەلىشى مۇمكىن دېيىشىدۇ . بىراق ئۇنىڭ ئىككىلا قىياسى مىنىڭ رايىمغا خىلاپ كەلدى . پادىشاھلار گوياكى كىچىك بالىغا ئوخشايدۇ . پادىشاھقا گەپ قىلغاندا ئۇلارنىڭ رايىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان گەپنى قىلىش كېرەك، شۇنداق بولغاندىلا ئاندىن پادىشاھنىڭ ھەدىيىسىگە ئېرىشەلەيدۇ ئۇ كۈندىكى ئىككى قىياسنىڭ بىرەرسى خاتا بولغان بولسا ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى ئىش بولار ئىدى . ھېلىمۇ مۇنداق قىلايلى. ئەتە مېنىڭ بۇيرۇقۇمنى يەتكۈزۈپ، ئۇنى زىنداندىن ئېلىپ چىقىڭلار ھەمدە ئۇنىڭغا ئات ۋە ئالتۇن زەرلىك ئېگەر ـ توقۇم،كىمخاپ تون، يىپەك سەللە، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مىڭ دىنار تىللا پۇل، مالاي ۋە غۇلاملارنى ھەدىيە قىلىڭلار » دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ رەيھان قويۇپ بېرىلدى. بۇ ئىش دەل پالچىنىڭ دېگەن كۈنى يۈز بەرگەنىدى . سۇلتان مەھمۇد ھەدىيە قىلغان نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا بەردى .سۇلتان يەنە ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىدى ھەم ئۇنىڭغا : « ئەي ئەبۇ رەيھان!سىز ئەگەر مىنىڭ ھەدىيەمگە ئېرىشمەكچى بولسىڭىز ، مېنىڭ قولىقىمغا ياخشى ئاڭلىنىدىغان گەپنى قىلىڭ، ئۇنىڭ ئەكسىچە ئۆزىڭىز سۆزلىمەكچى بولغان گەپنى قىلماڭ » دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئەبۇ رەيھاننىڭ خۇلق ـ مىجەزى پۈتۈنلەي ئۆزگەردى.پادىشاھ ئۈچۈن خىزمەت قىلسا ئەھۋال شۇنداق بولدۇ.ئىشلار توغرا كېتىۋاتامدۇ ياكى خاتامۇ ئەڭ م ۋھمى پادىشاھنىڭ كۆڭلىگە يېقىشى، پادىشاھنىڭ ئۈمىد ـ ئارزۇسى بويىچە گەپ قىلىشى كېرەك .ئەبۇ رەيھان ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ھەممىسى كېلىپ ئۇنى قۇتلۇقلاشتى.ئەبۇ رەيھان پال باققۇچى دېگەن سۆزنى ئۇلارغا بىر قېتىم سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، كىشىلەر ھەيرانلىق ھېس قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئادەم ئەۋەتىپ پال باققۇچىنى تاپتۇرۇپ كەلدى .بىراق بۇ كىشى ئەسلىدە قارا قۇرساق كىشى ئىدى. ئۇنىڭ بىلىمى تولىمۇ كەمچىل ئىدى. ئەبۇ رەيھان ئۇنىڭدىن: « سىزنىڭ تۇغۇلغان ئاي، كۈن، ۋاقتىڭىز بارمۇ؟ » دەپ سورىدى. ئۇ : « بار » دەپ ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىنى ئەبۇ رەيھانغا يېزىپ بەردى. ئەبۇ رەيھان بىر كۆرۈپلا ئەسلىدە ئۇنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلۈپ كەتكەن، كېيىنكى ئىشلارنى قىياس قىلالايدىغان كىشى ئىكەنلىكىنى بىلدى .بۇنداق كىشى نېمە دېسۇن، ئېغىزىغا كەلگىنىچە سۆزلىگەن تەقدىردىمۇ سۆزى چوقۇم راست بولۇپ چىقىدۇ.

**ھېكايەت :**

مىنىڭ بىر قىزىم بار ئىدى.ئۇ ھىجرىيە 519 ـ يىلى (مىلادى1125 ـ يىلى) 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى تۇغۇلغانىدى. ئۇ دەل كۈن بىلەن ئاي كېسىشىش پەيتى ئىدى. بۇ ۋاقىتتا تۇغۇلغان ئادەمنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن بەخت يۇلتۇزى پارلاق بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ كەلگۈسىدىكى ئىشلارنى قىياس قىلالايتتى.

بۇ قىز ئونبەش ياشقا كىرگەندە ئۇنىڭغا ئىلمي نۇجۇم ئۆگىتىشكە باشلىدىم ئۇمۇ مۇشكۈل مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرەلەيدىغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھەر بىر

سۆزى چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدىغان بولدى . شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ئېسىلزادىلەر كېلىپ ئۇنىڭغا رەم سالدۇرىدىغان بولدى. ئۇنىڭ ھۆكۈم ۋە قىياسى دائىم كېيىنكى ئىشلار ئارقىلىق ئىسپاتلاندى.
بىر كۈنى بىر موماي ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ، ئۇنىڭغا : « مېنىڭ ئوغلۇم ئۆيدىن چىقىپ كەتكىلى تۆت يىل بولدى.ھازىرغىچە ئىز ـ دېرىكى يوق، ئۇنىڭ ئۆلۈك ياكى تىرىكلىكىنى بىلەلمىدىم.ئۇ تىرىكمۇ، ئۆلۈكمۇ ماڭا بىر پال ئېچىپ بەرسىڭىز، نېمە نەتىجە چىقسا مېنى ۋاقىپ قىلسىڭىز» دېدى.
قىزىم ئورنىدىن تۇرۇپ، قۇياشنىڭ ئېگىزلىكىنى ئۆلچەپ، يۇلتۇزلارنىڭ بۇلۇڭ گرادۇسىنى مۆلچەرلەشتۈرۈپ، توغۇلغان ۋاقىت، كۈننى يېزىپ،ئۆمۈر يۇلتۇزىنىڭ يۆنىلىشىنى بېكىتتى . ئاخىرىدا مومايغا :« ئوغلىڭىز قايتىپ كەلدى » دېدى.موماي ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن خاپا بولۇپ : « ئى قىزچاق، ئوغلۇمنىڭ ھازىرلا كېلىشىدىن ئۈمىدىم يوق، سىز ماڭا ئوغلۇمنىڭ تىرىك ياكى ئۆلۈك ئىكەنلىكىنى دەپ بەرسىڭىزلا بولىدۇ » دېدى. بۇنى ئاڭلىغان قىزىم يەنە: « مەن سىزگە دېدىم، ئوغلىڭىز قايتىپ كەلدى. سىز قايتىپ بېرىپ قاراپ بېقىڭ ئەگەر قايتىپ كەلمىگەن بولسا، سىز كېلىپ مېنى ئىزدەڭ. مەن سەۋەبىنى ئىزدەپ كۆرەي » دېدى.
موماي ئۆيىگە قايتىپ بارغىنىدا، ئۇنىڭ ئوغلىمۇ دەل ئۆيىگە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، كىشىلەر تېخى ئېشەككە ئارتىلغا ن يۈك ـ تاقلارنى چۈشۈرۈۋاتقانىكەن. موماي ئوغلىنى باغرىغا بېسىپتۇ . كېيىن موماي قىزىمنىڭ يېنىغا كېلىپ : « راست ئىكەن،ئوغلۇم قايتىپ كەلدى . بۇ سوۋغاتلارنى سىزگە سوغا قىلىمەن، تەلىيىڭىزنىڭ ئوڭدىن كېلىشىنى تىلەيمەن » دەپ ئىككى تال ياغلىقنى ئېلىپ قىزىمغا بېرىپتۇ.
مەن كەچتە ئۆيگە قايتىپ بۇ خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ، قىزىمدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى،نېمگە ئاساسەن بۇنىڭغا ھۆكۈم چىقارغانلىقىنى سورىدىم ئۇ: « مەنمۇ بۇ نەتىجىنى ھېسابلاپ چىقمىغانىدىم.دەل ھېساب تۈگىگەن شۇ پەيتتە بىر تال چىۋىن ئۇچۇپ كېلىپ، ئۆمۈر يۇلتۇزىنىڭ يېنىغا چۈشتى.شۇنىڭ بىلەن كۆڭلۈم يورىدى .كۆڭلۈمدە بۇ مومايىنىڭ ئوغلى قايتىپ كەلدى دەپ ئويلىدىم .مەن بۇنى مومايغا دېسەم،موماي يەنە ئىنچىكىلەپ سوراشقا باشلىدى.بۇ ۋاقىتتا مەن ئۇنىڭ ئوغلى كەلگەنلىكىگە

تېخمۇ ئىشەندىم .مەن گويىاكى ئۆلارنىڭ ئېشەك ئۈستىدىن نەرسىلەرنى چۈشۈرىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولدۇم » دېدى .
بۇ ئىش مېنى پېشانىسگە پۈتۈلگەن ، كېيىنكى ئىشلارنى قىياس قىلالايدىغان كىشىلەرنىڭ بارلىقىغا ھەقىقى ئىشەندۈردى. بۇنىڭدىن باشقا بۇ ئىشقا يەنە باشقىچە چۈشەنچە بېرىش مۇمكىن ئەمەستۇر .
ھېكايەت:
مەن ئالىم ئۆمەر ھەييامنىڭ كەلگۈسى ئىشلاردىن بېشارەت بەرگەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن بولساممۇ ، بىراق ئۇنىڭدەك بۈيۈك دانىشمەننىڭ مۇنەججىملەرنىڭ بىشارىتىگە بۇنچىۋالا ئىشىنىدىغانلىقىنى كۆرمەپتىكەنمەن .
ھىجرىيە 507 ـ يىلى (مىلادى1113 ـ يىل) قىش مەزگىلى ئىدى . مەرۋى شەھرىدە پادىشاھ ۋەزىر سەدرىددىن مۇ ھەممەد بىننى مۇزەپپەرگە ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنىڭدىن ئالىم ئۆمەر ھەييامى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ شىكارغا چىقىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، قار ۋە بوران يوق بىر نەچچە كۈننى تاللاپ بېرىشنى بۇيرىدى .
ئالىم ئۆمەر ھەييامى بىلەن ۋەزىرنىڭ بۇرۇندىنلا تونۇشلۇقى بار ئىدى. ئۇ دائىم ۋەزىرنىڭ ئۆيىگە باراتتى . ۋەزىر ئۇنى چاقىرتىپ كېلىپ، پادىشاھ تاپىلىغان ئىشنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى . ئۆمەر ھەييامى بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، ۋەزىر بىلەن خوشلاشتى. ئۇ ئىككى كۈن سەرپ قىلىپ، بولىدىغان كۈننى بېكىتكەندىن كېيىن پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە تاللىغان كۈننى دەپ بەردى .
تاللىغان كۈن يېتىپ كەلگەن كۈنى پادىشاھ ئاتقا مىنىپ، ئەمدىلا توخۇنىڭ چىللىغان ئاۋازى يېتىپ بارالايدىغان جايغا بارغىنىدا ، ئاسماندا بۇلۇتلار پەيدا بولۇپ، بوران چىقىپ، قار ئۇچقۇنلىرى ئۇچقۇنداشقا باشلىدى. كىشىلەر بۇنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز كۈلۈپ كېتىشتى. پادىشاھ قايتماقچى بولۇپ تۇرغىنىدا ، ئالىم ئۆمەر ھەييامى : « پادىشاھ ئالىيلىرى خاتىرجەم بولسىلا ، بۇلۇت ھازىرلا تارقاپ كېتىدۇ ۋە بەش كۈن ئىچىدە قار ـ يامغۇر ياغمايدۇ » دېدى. بۇ گەپ بىلەن، پادىشاھ يەنە داۋاملىق ئىلگىرىلەۋەردى. دېگەندەك ئۇزۇن ئۆتمەي بۇلۇتلار تارقاپ كەتتى. بەش

كۈن ئېچىدە قار-يامغۇر ياغمىدى ھەم ھېچكىم ئاسماندا بۇلۇت كۆرمىدى ئىلمىي نۇجۇم كۆپ ئىشلىتىلىسمۇ، ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي ئىشىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ. مۇنەججىملەرنىڭ ئۆزىمۇ ھەددىدىن تاشقىرى بۇنىڭغا ئىشىنىپ كەتمەسلىكى كېرەك . ھەر بىر قىياسنىڭ توغرا چى قىشى پۈتۈنلەي تاسادىپىيلىقتۇر.

ئۇشبۇ كىتاپنىڭ تېبابەتكە مۇناسىۋەتلىك ماقالىسىدىكى ھېكايەتتىن قىسقارتما :

.....شۇنىڭ بىلەن خارەزمشاھى بېرىشنى خالىمايدىغان ئۇ ئىككى نەپەر ئالىمغا: « سىلەر ئىككىڭلار بېرىشنى خالىمساڭلار، مەن ئەلچىنى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇن، ئۆزۈڭلار خالىغان تەرەپكە يول ئېلىڭلار » دېدى....

ئەبۇ ئەلى سىنا ۋە ئەبۇ سەھل مەسىھى پادىشاھنىڭ بەلگىلەپ بەرگەن يول باشلىغۇچىسى(بىلەن بىرگە) ئەبۇل ھۇسەيىن سۇھەيلى ۋە خارەزمشاھ بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، بامدات نامىزى بولغۇچە ئەللىك پەرسەڭدىن ئارتۇق يول يۈرۈپ، بىر بۇلاق بېشىغا يېتىپ كەلدى .بۇ ۋاقىتتا، ئەبۇ ئەلى سىنا كالېندارنى ئېلىپ، سەپەرگە ئاتلانغان ۋاقىتقا قاراپ، ياخشىلىق ۋە يامانلىق تەلىيىنى ھېسابلاپ، تەپسىلى قاراپ چىققاندىن كېيىن، ئەبۇ سەھل مەسىھگە : « بىز يولغا چىققان ۋاقىت خەيرلىك ۋاقىت ئەمەس ئىكەن. يولدىن ئادىشىپ قالغىنىمىزنى ۋە يولدا نۇرغۇنلىغان جاپا- مۇشەققەتلەرنى تارتىدىغانلىقىمىزنى كۆردۈم » دېدى.

ئەبۇ سەھل مەسىھى: « ھەممىمىز ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە بويسۇنغۇچىلارمىز. بۇ قېتىمقى سەپىرىمدە ھاياتىمنى ساقلاپ قېلىشىمنىڭ تەس ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. ئىككى كۈندىن كېيىن بالا-قازا يۇلتۇزى ماڭا چۈشىدۇ ئېھتىمال ئۆلۈمدىن قېچىپ قۇتۇلالماسلىقىم مۇمكىن.بۇندىن كېيىن، بەلكىم روھىمىز كۆرۈششى مۇمكىن » دېدى.

ئۇلار داۋاملىق يول يۈردى. ئەبۇ ئەلى سىنانىڭ ھېكايە قىلىشىچە، تۆتىنچى كۈنى بوران چىقىپ، قۇم- توپىلار ئۇچۇپ، ئاسمان قاراڭغۇلاشتى. قۇم- بوران يوللارنى پۈتۈنلەي كۆمۈۋەتكەنىدى . ئۇلار يولدىن ئادىشىپ قېلىشتى. بوران توختىغاندىن كېيىن، يول باشلىغۇچىمۇ قايسى تەرەپكە مېڭىشنى بىلەلمىدى. ئەبۇ سەھل مەسىھى خارەزىمنىڭ قاتتىق ئىسسىق

باياۋاندا ئۇسسۇزلۇقتىن مەڭگۈلۈك ئۇ ئالەمگە رىھلەت قىلدى.
يول باشلىغۇچى ۋە ئەبۇ ئەلى سىنا مىڭ بىر جاپا ـ مۇشەققەتلەر بىلەن ئاخىرى باۋەردكە يېتىپ كەلدى....
يەنە مۇشۇ كىتاپتىكى « نۇجۇم ئىلمىنىڭ ماھىيتى ۋە مۇنەججىملەرنىڭ كامىل ئىلمى »نىڭ باشلانمىسىدا مۇنداق بايانلار قەيت قىلىنغان :
ئەبۇ رەيھان بىرۇنىنىڭ « كىتابۇتتەفھىم فى سەنائەتۇتتەنجىم » (ئىلمى نۇجۇم) دېگەن كىتابىنىڭ بىرىنچى بابىدا« بىر ئادەم تۆت خىل ئىلمدىن خەۋەردار بولمىسا مۇنەججىم دېگەن نامغا سازاۋەر بۇلالمايدۇ بۇ تۆت خىل ئىلىم تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: 1. ھەندەسە(گېئومېترىيە) ؛ 2. ھېساب(ماتېماتىكا) ؛ 3. ھەيئەت(ئاسترونومىيە) ؛ 4. ئەھكام(ئىلمي نۇجۇم) » دەپ يېزىلغان.
ھەندەسە(گېئومېترىيە)بولسا سىزىق، تەكشىلىك، مۇجەسسەمات (ستېرېئومېترىك ئۆلچەش يەنى بوشلۇقتىكى ئۆلچەش ) ھەمدە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى يەنى ئۇلارنىڭ شەكىللىنىش قۇرۇلمىسى ۋە ھالىتىنى تەتقىق قىلىدۇ.»
« ھېساب(ماتېماتىكا) بولسا سان بىلەن سان ئوتتۇرىسىدىكى يەنى بىر ـ بىرىنىڭ بارلىققا كېلىش ۋە بىر ـ بىرىنىڭ يوق بولۇش مۇناسىۋتىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىمدۇر .مەسىلەن: ئىككىگە بۆلۈش ئۇسۇلى، ھەسسىلەش، قۇشۇش، ئېلىش، كۆپەيتىش، بۆلۈش، جەبرۇ مۇقابىلە(ئالگېبىرالىق ھېساپلاش)قاتارلىقلار.»
« ھەيئەت(ئاسترونومىيە) ئىلمى بولسا ئاسمان جىسىملىرى سىستېمىسىنىڭ ئەھۋالى ۋە ئايلىنىش قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىمدۇر. مەسىلەن: كەۋاكىب(ئاسمان جىسىملىرى )نىڭ سۈپەت ۋە سانى ھەمدە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قاتارلىقلار. ھەر بىر كورەھا (سەييارىلەر)نىڭ ھەرىكىتى ۋە ئەھۋالى، يۇلتۇزلار ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇق ۋە ھەرىكەت دائىرە (ئوربىتا، يول) قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدۇ. ھەيئەت ئىلمگە دائىر « مەجەستى »(بۈيۈك تەرتىپلەر) دېگەن ئەسەر ۋە نىرىزنىڭ ئەسرىدە بۇ ئىلمنىڭ پىرىنسىپلىرى ناھايىتى ئىنچىكە بايان قىلىنغان ۋە شەرھلەنگەن ئىلمى زىج (ئاسترونومىيىلىك ھىسابلاش ئىلمى ) ۋە ئىلمى تەقاۋىم

(كالىندارچىلىق ئىلمى) ھەيئەت ئىلمىدىن بۆلۈنۈپ چىققان ئىلىمدۇر.
ئەھكام(ئىلمي نۇجۇم ) ئىلمى بولسا ھەيئەت (ئاسترونومىيە) ئىلمىدىن بۆلۈنۈپ چىققان بىر تارماق ئىلىمدۇر . ئۇ قىياس قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىلىدۇ.يەنى يۇلتۇزلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر، پايدا ۋە زىيان ھادىسىلىرى ھەمدە ئون ئىككى بۇرۇجنىڭ ھالەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك نۇقتىلىرىغا ھۆكۈم قىلىش ، مەسىلەن: دۆلەت ياكى شەھەرلەردە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ۋەقە، مەدەن، ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈش قانۇنىيىتى، شۇنداقلا يۇلتۇزلارنىڭ ھەرىكەت ئوربىتىسى ۋە ھالەتلىرىگە ئاساسەن خەيرىلىك كۈنلەرگە ھۆكۈم قىلىش قاتارلىقلار.
يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بارلىق ئىلىملەر ئەبۇ مەئشەربەلخى ، ئەھمەد ئابدۇلجەلىل سەجزى، ئەبۇ رەيھان بىرۇنى، گۇشيار جىلى قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى ئىچىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.
مۇنەججىملەر جىسمانىي ۋە روھى جەھەتتىن پاك، ئاق كۆڭۈل بولىشى، ھەمدە يەنە بىر خىل قەتئى بوشاشمايدىغان روھقا ئىگە بۇلىشى كېرەك . شۇنداق بولغاندىلا چوڭقۇر، سىرلىق تىلسىماتلار ئ ۈستىدە ئىزدىنىپ، بېشارەت ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرەلەيدۇ . مۇنەججىملەر پال ئاچقاندا بىر شەرت باردۇر. ئۇ بولسىمۇ ئۆزىنىڭ تەلىيى ۋە سائادىتى كەلگەن پەيتتە، يەنى خەيرىلىك كۈنلەردە پال ئېچىشى كېرەك شۇنداق بولغاندىلا ئاندىن ئۇلارنىڭ ئېيتقان قىياسلىرى چوقۇم ئەمەلدە كۆرۈلىدۇ.»
دېمەك ئاسترونومىيە ئاسمان جىسىملىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن بولۇپ ئاساسلىقى ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتى، ئاسمان جىسىملىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز- ئارا تەسىرلەر، ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئۆزىدىكى فىزىكىلىق ھالەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ پەيدا بولۇش، ئۆزگىرىش جەريانلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان يۈكسەك ئىلمىيلىكنى تەلەپ قىلىدىغان بىر پەن.
ئىلمي نۇجۇمنىڭ چېتىلىدىغان دائىرىسى ھەرخىل-ھەر ياڭزا بولۇپ ئۇنى بىر- ئىككى بەت سۆز بىلەن ئىزاھلاش ئاسان ئىش ئەمەس....
ئەمدى ماقالىمىزنىڭ ئاساسى مۇددىئاسى بولغان تۇۋەندىكى مەزمۇنلارغا نەزەرىمىزنى ئاغدۇرۇپ باقايلى.

# تېببىي نۇجۇم توغرىسىدا

**تېببىي نۇجۇم توغرىسىدىكى شەرھلەر مەزمۇن قىلىنغان ماتېرىياللار بىزنىڭ نەشرىياتلىرىمىزدىن چىقمىدىمۇ ياكى خەلقىمىز ئىچىدە بېسىلىپ يېتىلىپ نەشرىياتلارغا سۇنۇلمىدىمۇ ۋە ياكى بارلىرىنى مەن ئۇچرىتالمىدىممۇ شۇڭا مەن بۇ توغرىسىدا ھاجى ئابدۇلھەمىد ئەلىنىڭ ـ « ئۇيغۇرلاردىكى تېببى ئاسترونومىيە قاراشلىرى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش تېزىسلىرى» ـ (« ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى » ژورنىلىنىڭ 1998 ـ يىلىدىكى 3 ـ سانىغا بېسىلغان) دېگەن ماقالىسىدىن بەزى بايانلارغا قايتىشنى ئەڭ مۇۋاپىق دەپ قارىدىم :**

« . . . نۆۋەتتە ئۇيغۇر تىبابىتى تەتقىقاتى ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر تىبابىتى تەتقىقاتىدىكى ئالاھىدە بىر تەتقىقات تۈرى بولغان ئۇيغۇرلاردىكى « تىببى ئاسترونومىيە » قاراشلىرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلمىدى. ئەمەلىيەتتە تېبابەت ئىلمى ئىنسانلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان پەن بولۇپ، ئىنسانمۇ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ بىر قىسمى . شۇنداق ئىكەن، ئادەم بەدىنىنىڭ تۈزۈلۈش فىزىئولوگىيىسى ۋە كىسەللىك ئۆزگۈرىشىمۇ تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەرخىل ئۆزگۈرۈشلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

بۇ نۇقتا ئەجداتلىرىمىز تەرپىدىن بايقالغان ھەم بۇ توغرىسىدا مەخسۇس تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلىپ، زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن. ناھايىتى بۇرۇن نۇرغۇن قېتىملاپ ئەمەلىي كۆزىتىش ۋە تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق داۋاسازلىق ئىشلىرىدا چوقۇم ئاسترونومىيىلىك قانۇنىيەتكە رىئايە قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكى تونۇپ يېتىلىپ، بۇ ھەقتە ناھايىتىمۇ قىممەتلىك بولغان مىراسلار قالدۇرۇلغان. مەسىلەن: قولىمىزدا نەق بار ئۇيغۇر تىببى كلاسسىك ئەسەرلىرىدىن « قارا بادىن كەبىرى » نىڭ بىرىنچى تومىدا مەخسۇس يەككە دورىلارنىڭ تەبىئىيتىنى يۇلتۇزلارنىڭ تەبىئىيتى

بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرگەن ۋە دورا ياساش ھەم ئىشلىتىشتە يۈلتۈزلارنىڭ دەۋرىگە رىئايە قىلىش لازىملىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسا، يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە مۇھەممەت ھاشىم دېگەن كىشى تەرىپىدىن يېزىلغان « كەشپۇل ئەسرار » (كۆچۈرۈلگەن قول يازما ) دېگەن كىتابتا تۇرلۇك كېسەللىكلەرگە دىئاگنوز قويۇشتا يۈلتۈزلارنىڭ دەۋرىگە ئاساسلىنىش ئۇسۇللىرى بايان قىلىنغان. ئوردۇ تىلى بىلەن تاش مەتبەئەدە 1864 ـ يىلى بېسىلغان « ئەنۋارى نۇجۇم ۋە ئاپتاپى نۇجۇم » دېگەن كىتابتا تۇرلۇك كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشى نىڭ يۈلتۈزلار دەۋرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە ئۇنىڭ تەدبىرى بايان قىلىنغان. مەشھۇر تېۋىپلىرىمىزدىن فارابى ، ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرى، جامال قارشى قاتارلىق كلاسسىكلىرىمىزنىڭ تېبابەت نەزەرىيە ئاساسلىرىدىكى تىببى ئاسترونومىيىلىك قاراشلىرىنى مىسال قىلىش مۇمكىن. يېقىنقى زامان ھۆكۈمالىرىمىزدىن قەشقەرلىك ھەيدەر ئاخۇنۇمنىڭ شاگىرتى سوفى ئاخۇنۇمنى مىسال قىلىش مۇمكىن بۇ زات ھەققىدە ئىبراھىم نىياز « تارىختىن قىسقىچە بايانلار » دېگەن كىتابىنىڭ 29 ـ بېتىدە مەلۇمات بېرىپ « بۇ كىشىنىڭ داۋالاش ئۇسۇلى ‹ تىپى لوقمان › سىستېمىسىدا بولۇپ، كېسەل داۋالاشتا قۇشلار ۋە ئۆسۈملۈكلەردىن تەييارلانغان دورىلار بىلەن سانىسىزلىغان ئېغىر كېسەللەرنى داۋالاپ ساقايتقان . ئۇ ئىلمي نۇجۇمدىن خېلى مەلۇماتلىق بولغاچقا كېسەللىكلەرنى يۈلتۈزلارنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ تەكشۈرۈش، كېسەل كىشىنىڭ سىرتقى قىياپىتىگە قاراپ ھۆكۈم قىلىش ئۇنىڭ داۋالاشتىكى ئالاھىدىلىكى ئىدى » دېگەن. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن مەشھۇر تېۋىپلىرىمىزدىن تەجەللى ھەزرەتمۇ « تېببىي ئاسترونومىيە » گە ناھايىتى كامىل زات ئىدى . بۇ ھەقتە خەلق ئارىسىدا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان نۇرغۇن رىۋايەتلەر بار . ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ۋە ھېس قىلغانلىرىمدىن بولسا، خوتەن

ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك شىپاخانىسىدىكى مەشھۇر ئۆلىمالىرىمىزدىن ئىمىنىنىياز ئاخۇنۇم، ئەمەت ھاجىم، تۇردى مۇھەممەت ئاخۇنۇم، تۇردى ھاجىم، غوجى باھاۋۇدۇن ھاجىم قاتارلىقلارمۇ كېسەل كۆرۈش، دورا بېرىشتە « تېببىي ئاسترونومىيە» بىلىملىرىگە پۇختا بولغاچقا ئاسترونومىيىلىك ھادىسىلەرگە، روھى ھالەتكە، شارائىتقا، دورىلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە قاتتىق ئەمەل قىلاتتى . شۇنداق بولغاچقا ئۇلارنىڭ دىئاگنوزى توغرا، بۇيرۇغان دورىلىرى ھەم ئەرزان، ئۈنۈمى يۇقىرى بولاتتى . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار خەلقىمىزنىڭ يۇقىرى ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن.

بىزگە مەلۇم، ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى تۆت چوڭ ماددا يەنى ئوت، شامال، سۇ، تۇپراقتىن ئىبارەت بولۇپ بۇ تۆت ماددا تەبىئەتتە مەۋجۇت بولۇۋاتقان، بىر- بىرىگە زىت بول غان، ئەمما بىر-بىرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن يەنە بىرىكىپ، ئىسۇملۈكلەردە ئۈندۈرمىنى، ھايۋانلاردا تۆرەلمىنى، مەدەنلەردە مۇئەييەن بىر جىسىم شەكلىنى ھاسىل قىلىدۇ- دەپ قارىلىدۇ . تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن قارىساق پەسىل تۆت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىمۇ بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ، ئە مما يەنىلا بىر- بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان بىر پۈتۈن گەۋدە. شۇنداقلا ئادەم ئورگانىزمىنىڭ مەيلى باتىنى ياكى زاھىرى قىسمىدا پەيدا بولغان ھەرخىل كېسەللىك بولسۇن ھەممىسى شۇ تۆت خىل ماددىنىڭ ئېپادىسى بولغان تۆت خىل ھالەت يەنى سەپرا، قان، بەلغەم ۋە سەۋدانىڭ نورمال ۋە غەيرى نورمال بولىشىغا باغلىق بولىدۇ . شۇنداقلا يۇلتۇزلارنىڭ دەۋر ئالاھىدىلىكى ئوخشىمىغان بولغاچقا بىز ياشاۋاتقان بۇ ماكانغا بولغان تەسىرىمۇ ئوخشىمايدۇ ئەجدادلىرىمىز بۇ ھەقتە ناھايىتى كۆپ ئىزدىنىش ئارقىلىق مۇكەممەل بولغان بىر نەزەرىيىۋى ئاساسنى ئورناتقا ن. مەسىلەن: « قۇتادغۇبىلىك » ۋە مۇناسىۋەتلىك ماتىرىياللارمۇ قۇياشنىڭ ئىكلىپتىكا ھەرىكەت يولىدىكى نۇرغۇن يۇلتۇزلارنى 12 بۇرجقا بۆلۈپ، ھەر 3 بۇرجنى بىر

پەسىلگە، بىر يىلنى تۆت پەسىلگە ئايرىغان . ئۇنىڭ ئايرىش ئۇسۇلىدا ئەتىياز پەسىلدە قۇياش ھەمەل، سەۋر، جەۋزا بۇرجلىرىدا تۇرىدۇ؛ ياز پەسلىدە سەرتان، سۇنابە، ئەسەد بۇرجلىرىدا تۇرىدۇ؛ قىش پەسلىدە جەدى، دەلۋە، ھود بۇرجلىرىدا تۇرىدۇ . ئەمما ھەمەل، ئەسەد، قەۋس بۇرۇجلىرىنىڭ تەبىئىتى ئاتەش؛ سەۋرى، سۇنابە، جەدى بۇرجلىرىنىڭ تەبىئىتى تۇپراق؛ جەۋزا، مىزان، دەلۋە بۇرجلىرىنىڭ تەبى ئىتى شامال؛ سەرتان، ئەقرەب، ھود بۇرجلىرىنىڭ تەبىئىتى سۇ بولىدۇ ـ دەپ قارايدۇ .شۇنىڭدەك زىمىنىدىن باشقا قۇياش ۋە ئاي ،مارس(مىرغا)، مىركۇريي(ئاتارۇد)، مۇشتىرى(يۇپىتىر)، زۆھرە(ۋېنىرا)، زۇھەل(ساتورن) قاتارلىقلارنىمۇ ئاناسىر ئەربەئە بويىچە قۇياشنى قۇرۇق ئىسسىق، مارسنى قۇرۇق ئىسسىق، ئاينى ھۆل سوغۇق، مىركۇرىينى مۆتىدىل، مۇشتىرىنى قۇرۇق سوغۇق، زۆھرەنى ھۆل ئىسسىق ، زۆھەلنى قۇرۇق سوغۇق دەپ 12 بۇرۇج بىلەن 7 سەييارىنى ئۆز خۇسۇسىيەتلىرىگە ماس ھالدا زىچ بىرلەشتۇرۇپ 12 بۇرجنى سابىت يۇلتۇزلار، 7 سەييارە شۇ سابىت يۇلتۇزلارنى دەۋىر قىلىپ ئايلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئەگەر مەلۇم بىر سەييارە ئايلىنىپ ئۆز خۇسۇسىيىتىگە ماس بۇرجقا كەلگەندە شۇنىڭغا ماس خۇسۇسىيەتنىڭ ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى؛ ئەگەر ماس كەلمىسە ئۇنىڭ شۇ خىل ئۆز خۇسۇسىيىتىنىڭ ھېچقانداق رولى بولماستىن، بەلكى زىت ئەھۋا للارمۇ ئوتتۇرىغا چىقىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ . مەسىلەن: شامالغا تەئەللۇق سەييارە، تۇپراققا تەئەللۇق بۇرجقا كىرسە بوران چىقىدۇ. ھەم قان بىلەن سەۋدا ئارلىشىپ كېتىپ ياكى غەيرى قاننى ياكى غەيرى سەۋدانى پەيدا قىلىپ شۇ خىل كېسەلنىڭ پەيدا بولىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ دەپ قارايدۇ ۋە باشقىلار.

ھازىرقى زامان ئاسترونومىيىسى شۇ نەرسىنى ئىسپاتلىدىكى، 12 بۇرج ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىكلىتىپكا 12 يۇلتۇز تۈركۈمىدىكى يۇلتۇزلارنىڭ فىزىكىلىق ۋە خىمىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرى ئەسلا ئوخشىمايدۇ. شۇڭا يەرشارىدىكى ھەر بىر ھاياتلىق، ھەر بىر ماددا،

ھەر بىر تەبىئى ھادىسە ۋە تەبىئى ئاپەت ھەم تۈرلۈك كېسەللىكلەر ئاشۇ سەييارىلەرنىڭ يەرشارىغا بولغان تۈرلۈك فىزىكىلىق تەسىرلىرىنىڭ سىرتىغا چىقمايدۇ.

دېمەك، يۇقىرىقى بايانلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئۆز ئەقىل پاراسىتىگە تايىنىپ، تەبىئەت ھادىسىلىرىگە بولغان تونۇشى، كۆزىتىشى، يەكۈنلىشى ئاستىدا ۋۇجۇتقا كەلگەن ئىلمىي قاراشلىرىنى تېبابەت ئىلمىگە سىڭدۈرۈپ ئالاھىدە ھەم ئۆزگىچە بولغان تىببى ئاسترونومىيە قائىدىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ۋە ئۇنى تېببىي ساھەدە قوللىنىپ، ئىنسانلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش ئىشلىرىدا زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن . ئىلىم ـ پەن تەرەققى قىلغان بۈگۈنكى كۈندە، بىز يەنىلا تارىخىي مىراسلاردىن ئايرىلغىنىمىز يوق ھەم ئايرىلالمايمىز . بولۇپمۇ ئۇيغۇر تېبابەت ئىلمىنىڭ تارىخى ئۇزۇن ھەم ئىلمىي ئاساسى كۈچلۈك بولۇپ، نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئەجدادلىرىمىز قالدۇرغان ئەنئەنىلىرىمىزدىن يىراقلاپ كېتەلمەيمىز. ئەكسىچە ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشتا تارىخىي مىراسلارنى كۆپلەپ قېزىشقا ھەم ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ جەھەتتە تىببى ئاسترونومىيە ئىلمىنى قېزىش، رەتلەش، شاكىلىنى ئېلىۋېتىپ مېغىزىنى قوبۇل قىلىش ھەم ئۇنى يېڭى تېببىي ئۇتۇق سۈپىتىدە دۇنياغا تونۇشتۇرۇشتىن ئىبارەت تەرەققىيات خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىش تولىمۇ زۆرۈر.»

**ئەزىز ئۇقۇرمەنلەر يۇقۇردىكى ماقالىدا قەيت قىلىنغىنىدەك مەيلى ئۇيغۇر تىبابىتى ياكى باشقا تىبابەتتە بولمىسۇن ۋەياكى ھازىرقى زامان ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتىدا بولمىسۇن ئادەم ئورگانىزىمى ئۆزىنىڭ سان ـ سۈپەت ۋە ھاياتلىقىنى ساقلاپ تۇرۇش ئۈچۈن سىرتتىقى دۇنيادىن ئۆزىگە كېرەكلىك ماددىلارنى قوبۇل قىلىشى ھەم كېرەكسىزلىرىنى توختاۋسىز چىقىرىپ تۇرىشى ئاساسى شەرت ، مانا بۇ ئاددى ساۋاتتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى**

ئادەم تەبئەتنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، خۇددى مۇھىتمىزدا يۇد ماددىسى كەم بولسا بويىنمىزغا بىر پارچە ئارتۇق گۆش ( يەنى پۇقاق ) چىقىپ سان - سۈپەت ۋە ھەجىممىز دە ئۆزگۈرۈش پەيدا قىلغىنىغا ئوخشاش، ئەتراپىمىزدىكى كىچىك مۇھت چوڭ مۇھىتنىڭ تەسىرىگە، چوڭ مۇھت ئالەمدىكى تېخمۇ چوڭ مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى مۇمكىن . (بۇيەردىكى مەن دېمەكچى بولغان «تېخمۇ چوڭ مۇھت » چەكسىز ئالەمنى كۆرستىدۇ ) دېمەك، ئادەم ئورگانىزىمى - ئالەمنىڭ تەسرىنى ۋاستىلىك ياكى بىۋاستە قوبۇل قىلىدىغان ۋە قوبۇل قىلغان تەسرگە مۇناسىپ ئۆزگۈرۈش ھاسىل قىلىپ ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ساقلاش بىلەن بىرگە مۇناسىپ تەسىر تارقىتىدىغان ئالەم تەڭپۇڭلۇق زەنجىرىدىكى دائىملىق بىر ھالقا، ئالەم گويا ساتاردىكى باش تار بولسا ئادەم ساتاردىكى باش تارغا مۇناسىپ تۇزۇلگەن قوشۇمچە تار، باش تارنىڭ تىترىشىدىن چىققان ئاۋاز دولقۇنى ئۇزىگە مۇناسىپ تۇزۇلگەن قوشۇمچە تارغا يۇلۇققاندا ئاۋازى كۈچىيىپ مۇڭ چىقىرالامدىكىن دەيمەن.

3 - قېتىملىق تۇرپان ھېلىھەم بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان گېرمانىيىنىڭ ئارخىئولوگىيە ئەترىتى تۇرپاندىن قولغا چۇشۇرگەن تېبابەتچىلىككە ئائىت يازما يادىكارلىقنىڭ پارچىلىرىدا(قوچۇ(ئىدىقۇت) ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە كۆچۈرۈلگەن)

« كىمنىڭ تېنىگە سۆگەل چىقسا، ئىككى كۈنلۈك ئاينى كۆرگەندە يەرگە سىيىپ لېيىنى ئېلىپ سۆگەلگە سۈرتسە، سۆگەل يوقايدۇ» دېگەندەك تېببي مەلۇماتلار بېرىلگەن . مانا بۇنىڭدىن ئەجداتلىرىمىزنىڭ داۋالاش ۋە دورىگەرلىك جەھەتلەردە تېببي نۇجۇمدىن خېلى بۇرۇنلا پايدىلانغانلىقىنى كۆرىۋېلىش تەس ئەمەس.

# يۇلتۇزلار ۋە سەييارىلەر توغرىسىدا

يۇلتۇزلار توغرىسىدا سۆزلەشكە توغرا كەلسە بەلكىم ئاسماندىكى ھەر بىر يۇلتۇز ئۇچۇن ئوندىن كىتاب يۇتۇپ چىقىدۇ دېسەك ھەرگىزمۇ ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولمايدۇ ئەلۋەتتە . سەھىپىمىزنىڭ قىسلىقى تۇپەيلى بۇيەردە مەن ئىخچامغىنا ئىزاھاتلارنى سۇنۇپ ئۆتەي:

ھاۋا ئوچۇق ئاخشىمى پىلىلداپ چاقنىغان يۇلتۇزلارنى كۆرىمىز .

ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا زەن سالساق، پىلىلداپ تۇرغانلىرىنىڭ ناھايىتى كۆپلىكىنى، پىلىلدىماي بىر خىل نۇر تارقىتىپ تۇرغانلىرىنىڭ ناھايىتىمۇ ئازلىقىنى ياكى يوق دېيەرلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز .بۇ يەردىكى پىلىلداپ تۇرغان يۇلتۇزلار- تۇرغۇن يۇلتۇزلار دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بىز بىلەن بولغان ئارىلىقى ناھايىتىمۇ يىراق بولۇپ، ئۇنى كىلومېتىر بىلەن ئىپادىلىسەك خۇددى دەريا سۈيىنىڭ ئاز-كۆپلىكىنى تامچە ئارقىلىق ، بىر دۆۋە خاماندىكى بۇغداينىڭ مەھسۇلات مىقدارىنى بۇغداي دانچىسىنىڭ سانى بىلەن ئىپادىلىگەندەك بولۇپ قالىدۇ .شۇڭلاشقا يۇلتۇزلارنىڭ ئارىلىقلىرى ئادەتتە «ئاسترونومىيە بىرلىكى»(قۇياش بىلەن يەرشارىنىڭ ئارىلىقى 150 مىليون كىلومېتىر بولۇپ بۇ- بىر ئاسترونومىيە بىرلىكى بولىدۇ) ياكى يورۇقلۇق يىلى (ئادەتتىكى نۇرنىڭ بىر يىل ئىچىدە بېسىپ ئۆتكەن ئومۇمى مۇساپىسى بىر يورۇقلۇق يىلى بولىدۇ) بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئاسترونوملار يۇلتۇزلارنىڭ يورۇقلۇق دەرىجىسىنى دەرىجىگە ئايرىغان يەنى ناھايىتى يورۇقلىرى 1- دەرىجىلىك يۇلتۇز، ئۇنىڭدىن قالغانلىرى 2-دەرىجىلىك يۇلتۇز، 3- دەرىجىلىك يۇلتۇز ...كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان ئەڭ خىرە يۇلتۇزنى 6-دەرىجىلىك يۇلتۇز دەپ ئايرى دى. تەپسىلى ساناش نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا پۈتۈن بىر كۈندە كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان يۇلتۇزنىڭ سانى ئادەتتە كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغىنىدەك كۆپ بولمايدۇ. مەسىلەن: 1-دەرىجىلىك يۇلتۇزدىن جەمئىي 20 سىلا، 2-دەرىجىلىك يۇلتۇزدىن 46 سى، 3- دەرىجىلىك يۇلتۇزدىن 134، 4-دەرىجىلىك يۇلتۇزدىن 458، 5-دەرىجىلىك يۇلتۇزدىن 1476 سى، 6- دەرىجىلىك يۇلتۇزدىن 4840 ى بار. ھەممىنى قوشقاندا 6974 چىقىدۇ.

بىر ئادەم بىرلا ۋاقىتتا ئاسماننىڭ يېرىمىنىلا كۆرەلەيدۇ، ئۇنىڭ قالغان يېرىمى ئۇپۇق ئاستىدا قالىدۇ، ئۇنى بىز كۆرەلمەيمىز شۇنىڭ ئۈچۈن ، ھەرقانداق ۋاقىتتا بىز ئاسماندىن كۆرەلەيدىغان يۇلتۇز ئاران 3000ئەتراپىدا چىقىدۇ.

ئەگەر كۆزىمىزنى تېلىسكوپ بىلەن قورالландۇرساق، ئەھۋال زور دەرىجىدە ئوخشىمايدۇ. ھەتتا ئەڭ كىچىك تېلىسكوپ بىلەن قارىغاندىمۇ 50مىڭدىن

ئارتۇق يۇلتۇزنى كۆرگىلى بولىدۇ. ھالبۇكى، زامانىۋى تېلىسكوپ ئارقىلىق كۆرگىلى بولىدىغان يۇلتۇز ئاز دېگەندە بىر مىلياردتىن ئاشىدۇ .
ئەمەلىيەتتە، ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ سانى ھەرگىز بۇنىڭلىق بىلەن چەكلەنمەيدۇ. بەزى يۇلتۇزلارھەققەتەن بىزدىن بەكمۇ يىراقتا بولغاچقا ئەڭ چوڭ تېلىسكوپ ئارقىلىقمۇ ئۇلارنىڭ ئىزناسىنى تاپقىلى بولمايدۇ. ئىنتايىن يىراقتىكى بەزى يۇلتۇزلار سىستېمىسى غايەت زور تېلېسكوپتا پەقەت تۇتۇق نۇرلۇق داغ بولۇپ كۆرۈنىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ ئىچىگە نەچچە يۈز مىليارد يۇلتۇز يوشۇرۇنغان بولىدۇ.

# قۇياش(Sun)

قەدىمدىكى ئاتىلىشى: شەمس ، ياشىق

بىر تۇتاش بەلگىسى: ☉

بىزگە ئەڭ يېقىن يۇلتۇز ئەلۋەتتە قۇياش ھېساپلىنىدۇ . ئۇنىڭ بىز بىلەن ئارىلىقى 150 مىليون كىلومېتىر بولۇپ، قۇياشتىن تارقالغان نۇر 499 سېكۇنت(تەخمىنەن8.3 مىنۇت) ئىچىدىلا يەر شارىغا يېتىپ كېلەلەيدۇ.قۇياشتىن باشقا يەرشارىغا ئەڭ يېقىن شۇنداقلا كۆزىمىز بىلەن كۆرەلەيدىغان يۇلتۇز سېنتاۋۇراس((centaurus يۇلتۇز تۇركۇمىدىكى رىگىل كېنت (rigil kent بەزى كىتاپلاردا تالىماك دېيىلگەن) يۇلتۇزى بولۇپ، بىز بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن 41تىرلىيون كىلومېتىر كېلىدۇ .بۇ سان قۇياشنىڭ بىز بىلەن بولغان ئارىلىقىدىن270ھەسسە ئارتۇق. رىگىل كېنت يۇلتۇزىدىن چىققان يورۇقلۇق تۆت يىل ئۈچ ئاي توققۇز كۈندىن كېيىن، ئاندىن يەرشارىغا يېتىپ كېلەلەيدۇ.

قۇياش - قۇياش سىستېمىسىدىكى مەركىزى ئاسمان جىسمى، ئۇنىڭ ماسسىسى1027⊆2 توننا بولۇپ، يەرشارى ماسسىسىنىڭ 330 مىڭ ھەسسىسىدىن كۆپرەككە توغرا كېلىدۇ.دىئامېتىرى تەخمىنەن 1 مىليون 392 مىڭ كىلومېتىر بولۇپ، يەر شارىنىڭ 109 ھەسسىسگە تەڭ . مۇنداقچە سېلىشتۇرغاندا قۇياشنى بىردانە ۋاسكېتبولغا ئوخشاتساق يەرشارىنى بىرتال قۇناق دېنىغا ئوخشىتىش مۇمكىن.

قۇياش بىر چوڭ ئوت شارىغا ئوخشايدۇ، ئۇ ھەرۋاقىت غايەت زور ئېنېرگىيە چىقىرىپ، يەرشارىغا يورۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىق ئاتا قىلىدۇ.ئەمما يەرشارىنىڭ

قۇبۇل قىلالايدىغان قۇياش ئېنېرگىيىسى قۇياش ئۇمۇمى رادىئاتسىيە ئېنېرگىيىسىنىڭ ئاران 2 ملىيارد 200 مىڭدىن بىرىگە توغرا كېلىدۇ.
قۇياش تاشقى يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى6000 سېلسىيە گرادۇس بولۇپ قۇياش مەركىزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى تەخمىنەن 15 مىليون سېلسىي گرادۇسقا يېتىدۇ.
قۇياش سىستېمىسى ـ قۇياش، سەككىز چوڭ سەييار( ئەسلىدە توققۇز چوڭ سەييارە ئىدى، 2006 ـ يىلى8 ـ ئاينىڭ24 ـ كۈنى خەلقئارالىق ئاسترونومىيە ئىلمى بىرلەشمە يىغىنىنىڭ26 ـ نۆۋەتلىك چوڭ يىغىنىدا ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ئاسترونومىيە ئالىمنىڭ ماقۇللىشى بىلەن پلۇتون قۇياش سىستېمىسىدىكى سەييارىلەر قاتارىدىن چىقىرىۋېتىلدى . چۈنكى ئۇ سەييارىلەردە بولىدىغان 3خىل شەرتنىڭ بىرىگە چۈشمىگەن، شۇنىڭ بىلەن ئەنئەنىۋى قاراشتىكى «توققۇز سەييارە » ئاتالغۇسىغا خاتىمە بېرىلىپ « قۇياش سىستېمىسىدىكى سەككىز چوڭ سەييارە »دېگەن ئاتالغۇ مۇقىملاشتۇرۇلغان) ئاتمىشچە ھەمراھ، مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان كىچىك سەييارە ۋە نۇرغۇن قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز، ساناقسىز ئاقار يۇلتۇز جىسىملىرى ھەمدە قۇياش سىستېمىسى بوشلۇقىغا تولغان سەييارىلەر ئارا ماددىلاردىن تەشكىل تاپقان ئاسمان جىسىملىرى سىستېمىسىدۇر.
قۇياش سىستېمىسىنىڭ چېگرىسى ئىنتايىن كەڭ مەسىلەن: پلۇتوننى قۇياش سىستېمىسىنىڭ چېگرىسى دەپ قارايدىغان بولساق ئۇنىڭ قۇياش بىلەن بولغان ئارىلىقى 40 ئاسترونومىيە بىرلىكى بولۇپ، تەخمىنەن 6 ملىيارد كىلومېتىر كېلىدۇ . ئەگەر سائەتلىك سۈرئىتى 1500 كىلومېتىرلىق ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ قۇياشتىن پلۇتونغا بارماقچى بولسىڭىز ئۇدا457 يىل ئۇچۇشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ.
قۇياش بولسا بۇ سىستېما ئىچىدە مەركىزىي ئاسمان جىسمى بولۇپ قۇياش سىستېمىسىدىكى بارلىق ئەزالار قۇياشنى دەۋر قىلىپ ئايلىنىدۇ . سەككىز چوڭ سەييارىنىڭ قۇياش بىلەن بولغان ئارىلىقىنىڭ يېقىندىن يىراققا بولغان تەرتىپى مۇنداق:

1. مېركۇرىي (Mercury)
2. ۋېنېرا (Venus)

3. يەرشارى (Earth)

4. مارس (Mars)

5. يۇپىتر (Jupiter)

6. ساتۇرن (Saturn)

7. ئۇران (Uranus)

8. نېپتۇن (Neptune)

مېركۇرىي بىلەن ۋېنېرادىن باشقا قالغان ئالتە سەييارىنىڭ ئۆز ھەمراھى بار بۇ سەييارىلەر ئۆزى نۇر تارقاتمايدۇ ئەمما قۇياشتىن كەلگەن نۇرلارنى قايتۇرىدۇ. شۇڭا ئۇ بىزنىڭ لۈزۈمزگە ئۇڭاي چېلىقىش بىلەن بىرگە باشقا يۇلتۇزلارغا ئوخشاش كۆرۈۋېشتە پىللىدىماستىن بىرخىل ھالەتتە كۆرۈنىدۇ.

## مېركۇرىي(Mercury)

قەدىمدىكى ئاتىلىشى: ئاتارۇد، ئارزۇ

بىر تۇتاش بەلگىسى: ☿

مېركۇرىينىڭ قۇياش بىلەن بولغان ئارىلىقى 0.387 ئاسترونومىيە بىرلىك بولۇپ تەخمىنەن 58 مىليون كىلومېتىر كېلىدۇ . قۇياش سىستېمىسى ئىچىدىكى قۇياشقا ئەڭ يېقىن سەييارە.سىكۇنتىغا 47.89 كىلومېتىر تېزلىك بىلەن قۇياشنى 87.969 كۈندە يەنى 0.24085 يىلدا بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىدۇ.ئۆز ئوقىدا 58.65 كۈندە بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىدۇ مېركۇرىينىڭ ھەمراھى يوق . ئۇنىڭ ھەجىمى قۇياش سىستېمىسى ئىچىدىكى سەييارىلەر ئىچىدە كەينىدىن سانىغاندا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرۇپ ئەڭ كىچىك سەييارە پلۇتوندىن چوڭ . ئۇنىڭ قۇياش بىلەن بولغان ئارىلىقى ناھايىتى يېقىن بولغانلىقتىن كۈندۈزدىكى سىرتقى يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 427 سېلسىي گرادۇسقا چىقسا كېچىلىك تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 173 سېلسىي گرادۇسقا چۈشىدۇ. ئۆز ئوقىدا ئايلىنىش دەۋرى59 كۈن بولۇپ يەر شارىنىڭ كۈندە 176 كۈندە مېركۇرىيدا بىر كېچە ـ كۈندۈز بولىدۇ، ما نا بۇمۇ مېركۇرىي يۈزىنىڭ كېچە ـ كۈندۈزلۈك تېمپېراتۇرىسىدا زور پەرقلەرنىڭ

بولشىدىكى بىر سەۋەب . ئۇنىڭ يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرسى بەك يۇقىرى بولغانلىقتىن ئۇنىڭ ئىككى قوشنىسى ۋېنېرا ۋە يەرشارىنىڭكىگە ئوخشاش قېلىن ئاتموسفېراسى يوق شۇ سەۋەپتىن مېركۇرىيدا مەيلى كېچە ياكى كۈندۈز بولسۇن ئاسمان ھەمىشە قاپقاراڭغۇ تۇرىدۇ، ۋېنېرا بىلەن ئاي شارىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ . مېركۇرىيدىكى ناھايىتى شالاڭ بولغان ئاتموسفېرا قۇياشنىڭ شامىلىدىن كەلگەن غەنىيمەتلەر بولۇپ ئۇنىڭ زىچلىقى يەرشارى ئاتموسفېراسىنىڭ %12 گە توغرا كېلىدۇ .ئاساسلىق تەركىبى گېلىي (42%)، پارغا ئايلانغان ناترىي (42%)، ئوكسىگېن(15%) قاتارلىقلار. ئۇنىڭ يۈزىدىكى تاغ جىنسلىرى قۇياش نۇرىنى كۆپلەپ سۈمۈرسىمۇ قايتۇرۇشچانلىقى ئاران%8 بولغاچقا مېركۇرىي قۇياش سىستېمىسى ئىچىدىكى ئەڭ غۇۋا سەييارىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. بىزنىڭ ئا سمىنىمىزدا مېركۇرىي سۇبھىدە ياكى كۈندۈزدە پەيدا بولىدىغانلىقى ئۇچۇن يەرشارىدا تۇرۇپ ئۇنى كۆزىتىش نىسبەتەن قىيىنراق

## ۋېنېرا(Venus)

قەدىمدىكى ئاتىلىشى: زۆھرە، سەۋىت، شۈكۈر

بىر تۇتاش بەلگىسى: ♀

ۋېنېرانىڭ قۇياش بىلەن بولغان ئارىلىقى 0.723 ئاسترونومىيىلىك بىرلىك بولۇپ تەخمىنەن 108 مىليون كىلومېتىر . سېكۇنتىغا 35.03 كىلومېتىر تېزلىك بىلەن قۇياشنى 224.701 كۈندە يەنى 0.61521 يىلدا بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىدۇ .يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرسى 465 ـ 485 سېلسىي گرادۇسقا يېتىدۇ. ۋېنېرادا زىچ ئاتموسفېرا قاتلىمى بار، ئاتموسفېرادىكى ك اربۇن4 ئوكسىدىنىڭ تەركىبى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ % 97 تىن ئاشىدىغانلىقى مەلۇم بولدى .ئاتموسفېرانىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى كاربۇن 4 ـ ئوكسىدىنىڭ مىقدارى تېخىمۇ يۇقىرى بولۇپ 99% كە يېتىدۇ، يەرشارىنىڭ يەر يۈزىگە يېقىن ئاتموسفېراسىدىكى كاربۇن4 ـ ئوكسىدىنىڭ مىقدارى ئاران 0.03% ؛ بۇنىڭدىن باشقا ۋېنېرا ئاتموسفېراسىدا يەنە ئاز مىقداردا ئازوت، ئارگون، كاربۇن2 ئوكسىدى، سۇ پارى قاتارلىقلار بار .ۋېنېرا يۈزىگە 30 ـ 40 كىلومېتىر كېلىدىغان ئېگىزلىكتىكى ئاتموسفېرا قاتلىمىدا تامچىسىمان قويۇق سولفات كىسلاتاسىدىن تەركىب تاپقان ئىنتايىن قېلىن تۇمان بار.

ۋېنېرا ئاتموسفېراسى %76 قۇياش نۇرىنى قايتۇرالايدۇ، شۇڭا ۋېنېرا ئاسماندا بەك يورۇق كۆرۈنىدۇ. قالغان %24 قۇياش نۇرى ئەسلىدە ۋېنېرانىڭ يۈزىگە چۈشكەندىن كېيىن ئالەم بوشلۇقىغا قايتىپ كېتىشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئاتموسفېرا قاتلىمىدىكى قويۇق كاربون 4 ئوكسىدى توسالغۇلۇق رولىنى ئوينايدۇ . قۇياش رادىئاتسىيىسىنىڭ ئىسسىقلىقى ۋېنېرانىڭ يۈز قىسمىدا بارغانسېرى توپلىنىپ، تېمپېراتۇرىسمۇ بارغانسېرى ئۆرلەپ، ھازىرقى ئويلاپ يەتكۈسىز دەرىجىگە يېتىپ، ئاتالمىش « پارنىك ئېففېكتى » نى ھاسىل قىلغان.

# يەرشارى(Earth)

سەھىپىنىڭ قىسقىلىقى تۈپەيلى ئاي شارىنى ئۆزىگە ھەمرا قىلغان ئىنسانلارنىڭ ياشىشىغا ئەڭ مۇۋاپىق بىزگە تونۇش بۇ سەييارە ئۈستىدە توختالماي ئۇنىڭ بىردىن ـ بىر ھەمراھى ئاي شارى ئۈستىدە ئازراق توختىلايلى:

# ئاي شارى(Moon)

قەدىمدىكى ئاتىلىشى: قەمەر، يالچىق

بىر تۇتاش بەلگىسى: ☽

ئاي ـ يەرشارىنىڭ بىردىن ـ بىر ھەمراھى بولۇپ يەرشارى بىلەن بولغان ئارىلىقى يەرشارىغا ئەڭ يېقىنلاشقاندا 363300 كىلومېتىر يىراقلاشقاندىكى ئارىلىقى 405500 كىلومېتىر بولۇپ ئوتتۇرىچە ئارىلىقى 384401 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئېكۋاتۇر دىئامېتىرى 3476.2 كىلومېتىر، يەرشارىنىڭ ماسسىسى ئاينىڭكىدىن 81 ھەسسە ، ھەجمى 49 ھەسسە چوڭ . ئاي سىرتقى يۈزىنىڭ ئومۇمى كۆلىمى ئاسىيا قىتئەسىنىڭ كۆلىمىگىمۇ يەتمەيدۇ.

سىكۇنتىغا 1.023 كىلومېتىر تېزلىك بىلەن يەرشارىنى 27 كۈن 7 سائەت 43 مىنۇت 11.559 سىكۇنتتا بىر ئايلىنىپ چىقىش بىلەن بىرگە ئۆز ئوقىدىمۇ بىر چۆرگىلەپ چىقىشقىمۇ يەنە مۇشۇ ۋاقىت كېتىدۇ .ئاي يۈزىدە كەڭ تۈزلەڭلىكلەر ئېگىز تاغلاردىن باشقا يەنە نۇرغۇن چوڭ ـ كىچىك كىراتېرلار(ئوتتۇرىسى بىر پارچە يۇملاق تۈزلەڭلىك، ئەتراپى يۇملاق تاغ ھالقىلىرىدىن تۈزۈلگەن، تاغ ھالقىلىرىنىڭ ئېگىزلىكى بىر قانچە مىڭ مېتىر كېلىدۇ) بار .ئايدا سۇ ، ھاۋا يوق بولۇپ نۆۋەتتە مۇزنىڭ بارلىقى

ئىنقلاندى .ئاينىڭ ئاتموسفېرا ناھايىتى يوق دىيەرلىك بولغاندىمۇ ناھايىتى شالاڭ ـ نېپىز. كېيىچىدىكى ئاتموسفېرانىڭ تەركىبى ئارگون(40%)، نېئون(40%) ۋە گېلىي(20%) بولۇپ قۇياش چىققان ۋاقىتتا ئاز مىقداردا مېتان ۋە ئاممونىيە قېتىلىدۇ . بەزى جايلىرىنىڭ ئاتموسفېراسىدا ناھايىتىمۇ ئاز مىقداردىكى ھىدروگېن، رادون، ناتىرىي، پولونىي ۋە كالىي ئاتومى قاتارلىقلارنىڭ بارلىقى بايقالدى.

## مارس(Mars)

قەدىمدىكى ئاتىلىشى: مىرىخ، كۈرۈد، ئاڭراق

بىر تۇتاش بەلگىسى: ♂

مارسنىڭ قۇياش بىلەن بولغان ئارىلىقى 1.524 ئاسترونومىيىلىك بىرلىك، تەخمىنەن 228 مىليون كىلومېتىر. سېكنوتنغا13.24 كىلومېتىر تېزلىك بىلەن قۇياشنى 686.980 كۈندە يەنى 1.88089 يىلدا بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىدۇ.ئۆز ئوقىدا 1.026 كۈندە بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىدۇ . مارس ئاتموسفېراسىنىڭ ئاساسلىق تەركىبى كاربون 4 ئوكسىدى بولۇپ 95.3% نى ئىگىلەيدۇ.ئۇنىڭدىن قالسا ئازوت بولۇپ2.7% نى ئىگىلەيدۇ، مارس ئاتموسفېراسىدىكى سۇنىڭ مىقدارى يەر شارى ئاتموسفېراسىدىكى سۇ مىقدارىنىڭ ئاران مىڭدىن بىرىگە توغرا كېلىدۇ . مارس يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 20 ـ 140 ـ سېلسىي گرادۇس ئارىلىقىدا .تۆت پەسىللىك ئۆزگىرىشى بار.

مارس كېچە ئاسمىنىدا خۇددى چوغدەك قىپقىزىل نۇر چاقنىتىدۇتېلىسكوپ بىلەن قارىغاندا لاۋۇلداپ كۆيىۋاتقان ئوت شارىغا ئوخشايدۇ .تەتقىقاتقا ئاساسلانغاندا مارسنىڭ يۈز قىسمىدىكى تاغ جىنسلىرىنىڭ تەركىبىدە تۆمۈر ماددىسى كۆپ ئىكەن .بۇ تاغ جىنسلار يېمىرىلىش رولىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، قۇم ـ توزانلارغا ئايلانغاندا، ئۇنىڭدىكى تۆمۈر ماددىلىرى ئوكسىدلىنىپ، قىزىل رەڭدىكى تۆمۈر ئوكسىدىغا ئايلانغان مارسنىڭ يۈزى ئىنتايىن قۇرغاق، سۇيۇق ھالەتتىكى سۇ يوق، دائىم دېڭىزدەك بور ان چىقىدۇ. مۇشۇنداق قايتا ـ قايتا داۋاملىشىپ تۇرىدىغان قۇم ـ بوران مارس يۈزىنى قېلىن تۆمۈر ئوكسىدى توزانلىرى بىلەن قاپلاپ قويغان، نەتىجىدە مارسنىڭ يۈزى قىزىل كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالغان . قۇياش نۇرىنىڭ

تەسرىدە، مارس كېچىدە قىپقىزىل چوغدەك نۇر چاقنىتىدۇ.
مارسنىڭ ئ ىككى ھەمراھى بولۇپ مارسقا يېقىنراقىنىڭ ئىسمى
فوبوس(Phobos) يىراقتىكىسىنىڭ ئىسمى دېيمىس (Deimos).

## يۇپىتېر(Jupiter)

قەدىمدىكى ئاتىلىشى:مۇشتەرى، ئوگاي
بىر تۇتاش بەلگىسى: ♃
يۇپىتېر-قۇياش سىستېمىسىدىكى ئەڭ چوڭ سەييارە بولۇپ ئۇنىڭ قۇياش بىلەن بولغان ئارىلىقى 5.205 ئاسترونومىيە بىرلىك يەنى تەخمىنەن 778 مىليون كىلومېتىر، سىكۇنتىغا 13.6 كىلومېتىر تېزلىك بىلەن قۇياشنى 4332.589 كۈندە يەنى 11.86223 يىلدا بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىدۇ.ئۆز ئوقىدا ئايلىنىشىغا 0.41354 كۈن كېتىدۇ. ھەجمى يەر شارى ھەجمىدىن مىڭ ھەسسىدىن ئارتۇق.ماسسىسى قۇياش سىستېمىسىدىكى باشقا سەككىز سەييارىنىڭ يىغىندىسىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ .باشقا چوڭ سەييارىلەرگە ئوخشاش يۇپىتېرنىڭ قاتتىق ھالەتتىكى سىرتقى يۈزى يوق بولۇپ 966 كىلومېتىر قېلىنلىقتىكى بۇلۇت قەۋىتى بىلەن قاپلانغان سىرتقى يۈزى بار.تېلىسكوپ بىلەن كۆزەتكەندە بۇ بۇلۇت قەۋەتلىرى يۇپىتېر يۈزىدە يول-يول كەتكەن ئالا-چىپار رەڭدىكى بەلۋاغلار بولۇپ كۆرۈنىدۇ يۇپىتېر ناھايىتى زور بولغان بىر گاز ھالەتتىكى سەييارە . ئەڭ سىرتقى قەۋىتى ئاساسلىقى مولېكۇلا ھالەتتىكى ھىدروگېندىن تەشكىل تاپقان قېلىن ئاتموسفېرا بولۇپ چوڭقۇرلىغانسېرى تەدرىجىي سۇيۇق ھالەتكە ئۆزگۈرىدۇ. يۇپىتېرنىڭ ئاتموسفېرا بۇلۇت چوققىسىدىن 10مىڭ كىلومېتىر تۆۋىنىدە سۇيۇق ھالەتتىكى ھىدروگېن بىر مىليون بار يۇقىرى بېسىم ۋە ئادەتتىن تاشقىرى يۇقىرى تېمپېراتۇر ئاستىدا سۇيۇق ھالەتتىكى مېتال ھىدروگېنغا ئايلانغان. يۇپىتېرنىڭ مەركىزى سىلىكات تۈز تاشلىرى ۋە تۆمۈردىن تەركىب تاپقان.يۇپىتېرنىڭمۇ قۇياش سىستېمىسىدىكى باشقا چوڭ سەييارىلەردە بولىدىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئوخشاش نۇر ھالقىسى بار بولۇپ ئاساسلىقى كىچىك تاش پارچىلىرى ۋە قار كاللەكلىرىدىن تۈزۈلگەن. يۇپىتېرنىڭ نۇر ھالقىسىنى كۆزەتمەك بەكلا تەس، ساتۇرۇننىڭكىدەك بە ھەيۋەت

كۆرەنمىسىمۇ تۆت ھالقىغا بۆلۈنگەن .نۇر ھالقىسىنىڭ كەڭلىكى 6500 كىلومېتىر ئەمما قېلىنلىقى 10 كىلومېتىرغىمۇ بارمايدۇ.
يۇپىتېرنىڭ 16 ھەمراھىنىڭ 12 سى كىچىكرەك، قالغان تۆتى چوڭ بولۇپ يۇپىتېر پەيدا بولغاندا بىرگە شەكىللەنگەن دەپ قارالماقتا.

## ساتۇرن(Saturn)

قەدىمدىكى ئاتىلىشى: زۇھەل، سەكەنتىر، شانقار
بىر تۇتاش بەلگىسى: ♄
ساتۇرن قۇياش سىستېمىسىدىكى ئىككىنچى چوڭ سەييارە، دىئامېتىرى 119300 كىلومېتىر، ئۇنىڭ قۇياش بىلەن بولغان ئارىلىقى 9.58 ئاسترونومىيە بىرلىك يەنى تەخمىنەن 1مىليارد 430 مىليون كىلومېتىر، سىكۇنتىغا 9.64 كىلومېتىر تېزلىك بىلەن10759.2 كۈندە يەنى 29.4577 يىلدا قۇياشنى بىر ئايلىنىپ چىقىدۇ. ئۆز ئوقىدا 10سائەت 39 مىنۇتتا بىر ئايلىنىپ چىقىدۇ.
ساتۇرن قوشنىسى يۇپىتېرغا ناھايىتى ئوخشاپ كىتىدۇ، سىرتتىقى يۈزى سۇيۇق ھالەتتىكى ھىدروگېن بىلەن گېلىي، ئاتموسفېراسىنىڭ ئاساسلىق تەركىبى ھىدروگېن، ئۇندىن قالسا ئاز مىقداردىكى گېلىي ۋە مېتان .
ساتۇرن قۇياش سىستېمىسىدىكى بىردىن بىر زىچلىقى سۇنىڭ زىچلىقىدىن تۆۋەن بولغان سەييارە. ئۇنىڭ بولۇت قەۋىتىمۇ يۇپىتېرنىڭكىدەك نەقىشلىك ئەمما غۇۋاراق. كىشىنى بەكراق جەلپ قىلىدىغىنى ئۇنىڭ نۇر ھالقىسى بولۇپ قۇياش سىستېمىسىدىكى يۇپىتېر بىلەن ئۇرانىنىڭمۇ نۇر ھالقىسى بولغىنى بىلەن ساتۇرنىنىڭكىدەك يورۇق ۋە جەلپ قىلارلىق ئەمەس.كىشىلەر يەرشارىدا تۇرۇپمۇ كىچىك بىر تېلىسكوپ بىلەن ئۇنى ئېنىق كۆرەلەيدۇنۇر ھالقىسىنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن 274000 كىلومېتىر، قېلىنلىقى ئاران 10 كىلومېتىر ئەتراپىدا ، نۇر ھالقىسىنىڭ كەڭلىكىگە يەرشارىنى دومىلاتساق خۇددى ۋاسكېتبولنى پىيادىلەر يولىغا قويۇ پ دومىلاتقاندەك بولىدۇ . نۇر ھالقىسى 7 بولۇپ ئاساسلىقى مۇز ، چاڭ- توزان ۋە تاش پارچىلىرىدىن تەركىب تاپقان.تەخمىنەن ھەر15 يىلدا بۇ نۇر ھالقىسى يوقاپ كېتىپ يەنە پەيدا بولىدۇ.سەۋەبى بۇ سەييارە ھەرىكەت قىلىش جەريانىدا ئۇنىڭ نۇر ھالقىسى ئوخشاش بولمىغان نوقتىدا بىزگە يۈزلىنىدۇ، ئۇنىڭ يان تەرىپى

يەرشارىغا يۈزلەنگەندە قارىسىگىز ئۇنىڭ نىپىز نۇر ھالقىسى كۆرۈنمەيدۇ.
ساتۇرنىنىڭ نۆۋەتتە رەسمى ئېتىراپ قىلىنغان ھەمراھىدىن 18 بار، بۇ ھەمراھلار ئىچىدە ئەڭ چوڭى ھەم ئاتموسفېرا قەۋىتى بارلاردىن پەقەت تىتان (Titan) ئىسىملىك بىرى بار.

# ئۇران (Uranus)

بىر تۇتاش بەلگىسى: ♅

ئۇران- قۇياش سىستېمىسىدىكى ئۈچىنچى چوڭ سەييارە، ئېكۋاتور دىئامېتىرى 51800 كىلومېتىر، قۇياش بىلەن بولغان ئارىلىقى 19.2 ئاسترونومىيە بىرلىك يەنى تەخمىنەن 2 ملىيارد 870 ملىيون كىلومېتىر كېلىدۇ. سىكۇنتىغا 6.81 كىلومېتىرلىق سۈرئەت بىلەن 30685.4 كۈندە يەنى84.0139 يىلدا قۇياشنى بىر ئايلىنىپ چىقىدۇ. ئۆز ئوقىدا 17سائەت 14 مىنۇتتا بىر ئايلىنىپ چىقىدۇ.
ئۇراننىڭ ئاتموسفېراسى ھىدروگېن(83%)، گېلىي(15%)، مېتان(2%) ۋە ئاز مىقداردىكى ئاتسېتىلېن بىلەن كاربون- ھىدروگېن بىرىكمىلىرىدىن تەركىب تاپقان.
1977- يىلى ئۇراننىڭ9 ھالقىلىق نۇر ھالقىسى بايقالغان، ئۇراننىڭ نۇر ھالقىسى يۇپىتېر ۋە ساتۇرنىنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ .ئەڭ سىرتىدىكى ۋە بەشىنچى ھالقىنىڭ كۆپ قىسمى نەچچە ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان مۇز پارچىلىرى بولۇپ پۈتكۈل ھالقا ناھايىتى كىچىك چاڭ-توزانلارغا تولغان.
ئۇراننىڭ ئاز بولغاندىمۇ 22 ھەمراھى بار بولۇپ ئۇنىڭ ئىچىدىكى بەش چوڭ ھەمراھىنىڭ ئىچىدە يەنە ئۇراننىڭ 3- ھەمراھى تىتانىيا(Titania) بىلەن 4- ھەمراھى ئوبېرون(Oberon) ئەڭ چوڭ ھىساپلىنىدۇ.

# نېپتۇن(Neptune)

بىر تۇتاش بەلگىسى: ♆

نېپتۇننىڭ قۇياش بىلەن بولغان ئارىلىقى 30.1 ئاسترونومىيە بىرلىك يەنى تەخمىنەن 4ملىيارد 500 ملىيون كىلومېتىر كېلىدۇ . سىكۇنتىغا 5.43 كىلومېتىر سۈرئەت بىلەن 60189 كۈندە يەنى 164.793 يىلدا قۇياشنى بىر ئايلىنىپ چىقىدۇ، ئۆز ئوقىدا 16سائەت 7 مىنۇتتا بىر ئايلىنىپ چىقىدۇ.

ئۇنىڭ ئېكۋاتور دىئامېتىرى 49500كىلومېتىر بولۇپ ناۋادا ئۇنىڭ ئىچىنى قۇرۇق دەپ ئويلىساق 60 دانە يەرشارىنى سىغدۇرالايدۇ.
نېپتۇن گاز ھالەتتىكى چوڭ سەييارە بولۇپ ئۇنىڭ ئىچكى قىسمى (تەخمىنەن ئۈچتىن ئىككى قىسمى ) لاۋا، سۇ ، ئاممونىيە سۇيۇقلۇقى ۋە مېتان قاتارلىقلارنىڭ ئارلاشما م اددىلىرىدىن تەشكىل تاپقان . سىرتقى قەۋىتى(تەخمىنەن ئۈچتىن بىر قىسمى ) ھىدروگېن ، گېلىي، سۇ ۋە مېتاندىن تەشكىل تاپقان گازلىق ئارلاشما ماددىلاردۇر مېتان بولسا نېپتۇن سەييارىسىغا كۆك رەڭدىكى سىرتقى كۆرۈنۈش بەرگەن.
ئۇنىڭ 8دانە ھەمراھى بار.

## پلۇتون(pluto)

بىرتۇتاش بەلگىسى: ♀
(بۇ سەييارە 2006-يىلى ئالىملار تەرىپىدىن قۇياش سىستېمىسىدىكى سەييارىلەر قاتارىدىن چىقىرىۋېتىلگەن بولسىمۇ ئىزدەنگۈچىلەر ئۈچۈن ئازراق توختالدۇق)
پلۇتوننىڭ قۇياش بىلەن بولغان ئارىلىقى 39.4 ئاسترونومىيە بىرلىك يەنى تەخمىنەن 5 مىليارد 900 مىليون كىلومېتىر بولۇپ سىكۇنتىغا 4.74 كىلومېتىر تېزلىك بىلەن 90465 كۈندە يەنى 247.7 يىلدا قۇياشنى بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىدۇ .ئۆز ئوقىدا 6.39 كۈندە بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىدۇ.ئۇنىڭ دىئامېتىرى 2284 كىلومېتىر بولۇپ ئايدىنمۇ كىچىك . ئۇنىڭ تەركىبى تېخى ئېنىق ئەمەس بەلكىم نېپتۇنغا ئوخششى مۇمكىن دەپ قارالماقتا. بىردانە ھەمراھى بار ئۇنىڭ دىئامېتىرى 1192 كىلومېتىر بولۇپ ئۇنىڭغا چارۇن دەپ ئات قويۇلغان.

## يۇلتۇزلار تۈركۈمى ۋە ئون ئىككى بۇرج

دېمەك قۇياش سىستېمىسى ئۆزىنىڭ ئائىلە ئەزالىرىنى ئېلىپ غايەت زور بىر سىستېما يەنى سامان يولى سىستېمىسىدا سىكۇنتىغا 250كىلومېتىرلىق سۈرئەت بىلەن سامان يولى مەركىزىنى250 مىليون يىلدا بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىدۇ. سامان يولى سىستېمىسىدا 100مىياردتىن ئارتۇق يۇلتۇز بار، بىز كۆرەلەيدىغان يۇلتۇزلارنىڭ ھەممىسى جۈملىدىن قۇياش سىستېمىسىمۇ

سامان يولى سىستېمىسىغا كىرىدۇ.
سامان يولى سىستېمىسىنىڭ شەكلى يۇملاقراق دىسكىغا ئوخشايدۇ .
ئوتتۇرىسى قېلىنراق، چۆرىسى نېپىزرەك، دىئامېتىرى تەخمىنەن 100 مىڭ يورۇقلۇق يىلىغا، قېلىنلىقى تەخمىنەن 6 مىڭ يورۇقلۇق يىلىغا توغرا كېلىدۇ. قۇياش سامان يولى سىستېمىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئەمەس چېتىگىرەك جايلاشقان بولۇپ قۇياشنىڭ سامان يولى سىستېمىسىنىڭ مەركىزى بىلەن بولغان ئارىلىقى 30مىڭ يورۇقلۇق يىلىغا، سامان يولى سىستېمىسىنىڭ گىرۋىكى بىلەن بولغان ئارىلىقى 20 مىڭ يورۇقلۇق يىلىغا توغرا كېلىدۇ.
بۇنىڭدىن 5000 يىللار بۇرۇن بابىلوننىڭ جەنۇبىدا ياشىغان كىشىلەر ئاسمان بوشلۇقىنى كۆزىتىشكە ئاسانلىق تۇغدۇرۇش، ئاسمان جىسىملىرىنى تونۇش ئۈچۈن يورۇق يۇلتۇزلارنى ئاساس قىلىپ يۇلتۇزلارنى گۇرۇپپىلارغا ئايرىغان- مانا بۇ يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ھىساپلىنىدۇ.
1928-يىلى خەلقئارا ئاسترونومىيە جەمئىيىتى پۈتكۈل يۇلتۇزلار بوشلۇقىنى 88 يۇلتۇز تۈركۈمىگە ئايرىپ ئۇلارغا رەسمىي نام بەردى . بۇ يۇلتۇز تۈركۈملىرىنىڭ بەزىلىرىگە قەدىمدىكى كىشىلەر رىۋايەت- چۆچەكلەردىكى پېرسوناژلار ياكى ھايۋانلارنىڭ نامىنى قويغان، بەزىلىرىگە گېرىك ياكى رىم ئەپسانىلىرىدىكى قەھرىمانلارنىڭ نامىنى قويغان .بەزىلىرىگە يېقىنقى زاماندىكى ئەسۋاب- سايمانلارنىڭ نامى قويۇلغان، شۇنداقلا يۇلتۇز تۈركۈمىدىكى ھەر بىر يۇلتۇزنىڭ يەنە ئۆز ئالدىغا نامى بار.
پۈتكۈل ئاسمان شارى - شىمالى ئاسمان ۋە جەنۇبى ئاسمان دەپ ئىككى چوڭ بۆلەككە بۆلۈنگەن. 88 يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ 28 ى شىمالىي ئاسماندا، 48 ى جەنۇبى ئاسماندا بولۇپ قالغان 12سى ئېكلىپتىكىدىكى يۇلتۇز تۈركۈمىدۇر.
كۆپچىلىككە ئايانكى، يەر شارى قۇياشنى بىر يىلدا بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىدۇ. يەرشارى قۇياشنى ئايلىنىش جەريانىدا يەر شارىدىن قۇياشقا قارىغاندا قۇياش سانسىز يۇلتۇزلار ئارىسىدا غەربتىن شەرىققە قاراپ ناھايىتى ئاستا يۆتكىلىدۇ.(ئەمەلىيەتتە يەرشارى يۆتكىلىدۇ، قۇياش يۆتكەلمەيدۇ ) بىر يىلدا قۇياش ئاسمان شارىنى تولۇق بىر ئايلىنىپ چىقىدۇ مانا بۇ - قۇياشنىڭ يىللىق كۆرۈنمە ھەركىتى دېيىلىدۇ . بىز كۈندۈزى يۇلتۇزنى

كۆرەلمىگەچكە قۇياشنىڭ بۇ يىللىق كۆرۈنمە ھەركىتىنى ئانچە ھېس قىلالمايمىز.مانا مۇشۇ جەرياندا قۇياشنىڭ بېسىپ ئۆتكەندىكى يولى ئېكلىپتىكا دېيىلىدۇ، قۇياش ئۆزىنىڭ يىللىق ئايلىنىشىدا 88 يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ ئىچىدىن 13 يۇلتۇز تۈركۈمىنى بېسىپ ئۆتىدۇ . قۇياش بۇلارنىڭ ئىچىدىكى يىلانچى يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ ناھايىتى كىچىك بۆلىكىنى بېسىپ ئۆتۈشىنى ھىساپقا ئالمىغاندا قالغان 12 يۇلتۇز تۈركۈمىنى يەنى« ئەتىيازلىق كۈن ـ تۈن توختاش نوقتىسى » نى ئۆز ئىچىگە (ئەتىيازدىكى كۈن ـ تۈن تەڭلىشىش ۋاقتى ھازىرقى ۋاقىتتا قۇياش ھوت يۇلتۇز تۈركۈمىدە تۇرغان ۋاقىتتا يۈز بېرىدۇ، 2000 مىڭ يىلنىڭ ئالدىدا قۇياش ھەمەل يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ باشلىنىش قىسمىدا تۇرغان ۋاقىتتا يۈز بېرەتتى) ھوت يۇلتۇز تۈركۈمىدىن باشلاپ ھەمەل، سەۋر، جەۋزا، سەرەتان، ئەسەد، سۇنبۇلە، مىزان، ئەقرەب، قەۋس، جەدى، دەلۋە يۇلتۇز تۈركۈملىرىنى بېسىپ ئۆتىدۇ.مانا بۇلار ئېكلىپتىكىدىكى12 يۇلتۇز تۈركۈمى دېيىلىدۇ.

بۇ 12 يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش ئەمەس قۇياش ھەركۈنى 1 گرادۇسقا يەتمىگەن ھالدا يۆتكىلىپ12 يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ ھەر بىرىنى ئوتتۇرا ھىساپتا 1 ئاي ئىچىدە بېسىپ ئۆتىدۇ.

قەدىمكى بابىلون ۋە گىرېتسىيىلىكلەرنىڭ ئاسترونومىلىرى قۇياشنىڭ يىللىق كۆرۈنمە ھەرىكەت يولىدىكى (ئېكلىپتىكىدىكى) ـ ھەرىكەت ئەھۋالى ۋە ئورنىغا، پەسىللەرنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمىلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ئەتىيازلىق كۈن ـ تۈن تەڭلەشكەن ۋاقىتتىن باشلاپ قۇياشنىڭ يىللىق كۆرۈنمە ھەرىكەت يولىنى 12 بۆلەككە بۆلۈپ ھەر بىر بۆلەكنى 30 گرادۇستىن ئايرىپ شۇنىڭغا خاس يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ نامىنى بۇ بۆلەكلەرگە قويغان. مانا بۇ « ئون ئىككى ئۆكەك » يەنى « ئون ئىككى بۇرج » تۇر. مۇشۇنداق بولغاندا قۇياش بىر يىل ئىچىدىكى12 ئايدا رەت بويىچە ئون ئىككى بۇرجنى بېسىپ ئۆتۈپ 360 گرادۇسلۇق چەمبەر شەكلىدىكى مۇساپىسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن قۇياش يەنە يېڭى بىر يىلنى ھەمەل بۇرجىدىن (ھازىرقى 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى) باشلايدۇ.

بۇ « بۇرجلار قەدىمكى تۈرك تىلىدا قۇز ا، ئۆي، ئاراندىز (قوشكىزەك)،

قوْچىق(قىسقوْچپاقا)، ئارسلان، بوْغداي بېشى، ئوْلكوْ(تارازا)، چايان، يا، ئوغلاق، كۆنەك(سوْغا)، بىلىق بوْرجلىرى دەپ ئاتالغان.
قەدىمقى ئاتا - بوْۋىلىرىمىز يوْلتوْزلارنى تۆت تادوْ (تۆت ئاناسىر) چوْشەنچىسگە تەتبىق قىلىپ تۆت پەسىل، تۆت تەرەپ، تۆت خىل رەڭ قاتارلىقلارنى ئىپادىلىگەن. ئون ئىككى ئوْكەك (بوْرج)نى تۆت پەسىلگە تەئەللوْق قىلىپ، ھەر پەسىلگە ئوْچتىن يوْلتوْزنى تەقسىم قىلغان »(ئالىم ئىمىن توْرسوْننىڭ « نوروْزنامە » 7 - بەت)
قەدىمى ئىلمى نوْجوْم ماتېرىياللىرىدا بولمىسوْن ياكى ھازىرقى زامان ئاسترولوگىيەسىدە بو لمىسوْن بوْرجلار توْغرىلىق مەلوْماتلار ئاساسى جەھەتتىن بىردەك بولوْپ بوْرجلارنىڭ خەلقئارادا بىرلىككە كەلگەن بەلگىسى بار.ئوْلار تۆۋەندىكىچە:

A جەدۋەل

| رېتى | قەدىمقى توْرك تىلىدا | ئەرەب - پارسچە | ئېنگىلىزچە | خەنزوْچە | بەلگىسى | پەسلى | تەبىئىتى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | قوْزا | ھەمەل | Aries | 白羊宫 | ♈ | 3.21 - -4.20 | ئوت |
| 2 | ئوْي | سەۋر | Taurus | 金牛宫 | ♉ | 4.20 - -5.21 | توْپراق |
| 3 | ئاراندىز(قوشكىزەك) | جەۋزا | Gemini | 双子宫 | ♊ | 5.21 - -6.22 | ھاۋا |
| 4 | قوْچىق(قىسقوْچ پاقا) | سەرەتان | Cancer | 巨蟹宫 | ♋ | 6.22 - -7.23 | سوْ |
| 5 | ئارسلان | ئەسەد | Leo | 狮子宫 | ♌ | 7.23 - -8.23 | ئوت |
| 6 | بوْغداي بېشى | سوْنبوْلە | Virgo | 处女宫 | ♍ | 8.23 - -9.23 | توْپراق |
| 7 | ئوْلكوْ(تارازا) | مىزان | Libra | 天秤宫 | ♎ | 9.23 - -10.23 | ھاۋا |
| 8 | چايان | ئەقرەب | Scorpio | 天蝎宫 | ♏ | 10.23 - -11.22 | سوْ |
| 9 | يا | قەۋس | Sagittarius | 人马宫 | ♐ | 11.22 - -12.22 | ئوت |
| 10 | ئوغلاق | جەدى | Capricorn | 山羊宫 | ♑ | 12.22 - -1.20 | توْپراق |
| 11 | كۆنەك(سوغا) | دەلۋە | Aquarius | 水瓶宫 | ♒ | 1.20 - -2.19 | ھاۋا |
| 12 | بېلىق | ھوت | Pisces | 双鱼宫 | ♓ | 2.19 - -3.21 | سوْ |

بوْرجلار توغوْرلوْق « قوْتادغوْبىلىك » نىڭ 143 - بېيىتىدا موْنداق دېيىلگەن:

ئوْچى سوْ، ئوْچى يەل، ئوْچى بولدى ئوت،
ئوْچى توْپراق، بوْلاردىن دوْنيا ۋوْجوْت.

ئالىم ئابدوْشوْكوْر موْھەممەتئىمىن « قوْتادغوْبىلىك خەزىنىسى » دە بوْنى موْنداق ئىخچاملىغان:
1. قوْزا 2. ئوْي 3. جەۋزا - پەسلى باھار ، بوْرجلارنىڭ بىرلەشكەندىن

كېيىنكى زاتى ـ ھاۋا ، تەرىپى ـ شىمال .
**4.** قوچىق **5.** ئارسلان **6.** سۇنبۇلە ـ پەسلى ياز ، بۇرجلارنىڭ بىرلەشكەندىن كېيىنكى زاتى ـ ئوت ، تەرىپى ـ شەرق .
**7**.يا **8.** ئەقرەب **9.** مىزان ـ پەسلى كۈز ، بۇرجلارنىڭ بىرلەشكەندىن كېيىنكى زاتى ـ سۇ ، تەرىپى ـ جەنۇب .
**10.** ئوغلاق **11.** كونەك **12.** بېلىق ـ پەسلى قىش، بۇرجلارنىڭ بىرلەشكەندىن كېيىنكى زاتى ـ تۇپراق ، تەرىپى ـ غەرب .
قەدىرلىك ئوقۇرمەنلەر يۇلتۇز تۈركۈملىرى ۋە بۇرج توغۇرلۇق ئىزاھلىرىم بىز مۇشۇ يەرگىچە بولسا، ئەمدى تۆۋەندىكى مەزمۇندا ئازراق توختالساق:

# يەتتە يۇلتۇز

قەدىمكىلەر ئاسترونومىيىلىك تەجرىبە جوغلانمىلىرى ئاساسىدىكى تەقۋىمچىلىكتە (كالىندارچىلىق) يەتتە يۇلتۇزنى ئالاھىدە ئورۇنغا قويغان ھەم پەلەكيات قارىشىنى يەتتە يۇلتۇز ئاساسىدا بېيىتقان .
ئەمەلىيەتتە قۇياش سىستېمىسىدىكى سەييارىلەردىن بىز ھېچقانداق قورال ئىشلەتمەي ئاددى كۆزىمىز بىلەن كۆرەلەيدىغانلىرىمىزدىن يەر شارىنى چىقىرىۋەتكەندە مېركۇرىي(ئارزۇ)، ۋېنىرا (سەۋت) مارس(كورۇد) يۇپىتىر(ئوڭاي) ساتۇرن(سەكەنتىر) قاتارلىقلار بولۇپ قالغان سەييارىلەرنى ئالاھىدە شارائىتتا ياكى تېلىسكوپ ئارقىلىق كۆرگىلى بولىدۇ. قەدىمكىلەر قۇياش بىلەن ئاينى يۇقۇردىكى بەش سەييارىگە قېتىپ يەتتە يۇلتۇز يەنى يەتتە ئاقراق قارىشىنى تىكلىگەن، بۇ توغرىسىدا ئالىم ئىمىن تۇرسۇن « نورۇزنامە » دە مۇنداق مەلۇمات بەرگەن.
*بەزى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا ، بۈگۈنكى كوندە دۇنيا ئەللىرى قوللىنىلىۋاتقان« ھەپتە » ، يەنى يەتتە كۈننى بىر ۋاقىت بىرلىكى قىلىش تۈزۈمى قەدىمكى غەربى ئاسيادا ـ مىسوپوتامىيەدە(دەجلى ـ فرات ئىككى دەريا ئارلىقىدا) پەيدا بولغانىكەن. مىلادىيەدىن ئىلگىرى 6 ـ 7 ئەسىرلەردە ، ئاسورىيە ۋە يېڭى بابىل پادىشاھلىقلىرى دەۋرىدە ھەپتە تۈزۈمى ئىشلىتىلگەنىكەن. بابىللىقلار بىر قەمەرىيە ئېيىنى تۆت ھەپتىگە بۆلۈپ، ھەر ھەپتىنى يەتتە كۈندىن قىلغان . بابىللىقلارنىڭ يۇلتۇز تەڭرىلەرگە نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزىدىغان يەتتە قەۋ ەتلىك يۇلتۇز ئىبادەتخانىسى بولۇپ، يۇقىرقى قەۋەتتىدىن تۆۋەنكى قەۋەتكىچە ياشىق(قۇياش) ، يالچىق(ئاي) ، كورۇد، ئارزۇ، ئوڭاي، سەۋت، سەكەنتىر ـ يەتتە ئاقراق(پىلانېتا) نامى بىلەن ئاتالغان. بابىللىقلارنىڭ ئېتىقادىچە*

بۇ يەتتە يۇلتۇز تەڭرى نۆۋەت بىلەن كۆزەتچىلىك قىلىپ ، ھەر بىرى بىر كۈنگە مۇئەككەل ئىكەن. بابىللىقلار ھەر كۈنى بىر تەڭرىگە نەزىر قىلىدىكەن يەتتە كۈندە بىر دەۋرى قىلىدىكەن . ھەر كۈنگە بابىللىقلار بىر تەڭرىنىڭ نامىنى بەرگەنىكەن .
ياشىق (قۇياش) تەڭرىسى - « شاماش » يەكشەنبىگە مۇئەككەل بولۇپ، بۇ كۈننى قۇياش كۈنى دەپ ئاتىغان؛ يالچىق(ئاي) تەڭرىسى - « سىن » دۈشەنبىگە مۇئەككەل بولۇپ، بۇ كۈننى ئاي كۈنى دەپ ئاتىغان؛ كۇرۇد(مارس) تەڭرىسى - « نىركا » سەيشەنبىگە مۇئەككەل بولۇپ، بۇ كۈننى مارس كۈنى دەپ ئاتىغان؛
ئارزۇ(مېركۇرىي) تەڭرىسى - « نابۇ » چارشەنبىگە مۇئەككەل بولۇپ، بۇ كۈن نى مېركۇرىي كۈنى دەپ ئاتىغان؛ ئۇڭاي(يۇپىتىر) تەڭرىسى - « ماردۇك » پەيشەنبىگە مۇئەككەل بولۇپ، بۇ كۈننى يۇپىتىر كۈنى دەپ ئاتىغان؛ سەۋىت(ۋېنىرا) تەڭرىسى - « ئىشتار » جۈمەگە مۇئەككەل بولۇپ، بۇ كۈننى ۋېنىرا كۈنى دەپ ئاتىغان؛ سەكەنتىر(ساتۇرن) تەڭرىسى - « نىنۇلدا » شەنبىگە مۇئەككەل بولۇپ، بۇ كۈننى ساتۇرن كۈنى دەپ ئاتىغان؛
ئەرەب - ئەجەم ئىسلام تەقۋىمىدە، ھەپتە كۈنلىرىمۇ يەتتە ئاقراق (پلانېتا) غا توغرىلانغان: قەمەر(ئاي) - دۈشەنبە، ئەتارۇد - چارشەنبە، زۆھرە - جۈمئە، شەمس(قۇياش) - يەكشەنبە، مىررىخ - سەيشەنبە، مۇشتەرى - پەنجشەنبە، زۇھەل - شەنبە .
يەنە بۇ «نورۇزنامە» دە مۇنداق بايانلار بېرىلگەن:
ھەكىملەرنىڭ پىكىرلىرىگە ئاساسلانغاندا ئىنسانىنىڭ ھەمۇل مۇددىتى يەتتە سەييارىنىڭ دەۋر قىلىشى بىلەن ئالاقىدار ئىكەن. بالا ئانا قارنىدا يەتتە سەييارىنىڭ ھەر بىرى40 كۈنلۈك مۇددەت پەرقى بويىچە پەرۋىش تېپىپ يەتتە 40 كۈن، يەنى توققۇز ئاي ئون كۈن بولغاندا دۇنياغا كۆز ئاچىدىكەن . ھەقىقەتتە بولسا، ئانا سەككىز ئاي تولۇق قۇرساق كۆتۈرۈپ توققۇزىنچى ئايدا بالىنى تۇغىدىكەن . قىز بالا بىر ئاز كېچىكىدىكەن. يەنە، بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن ئانا 40 كۈن كۈتۈلىدىكەن، بۇمۇ يۇلتۇزنىڭ تاكاموللىششقا باغلىق ئىكەن بالا قورساقتا40 كۈن بولغاندا شەكىللىنىش مۇددىتىگە ئۆتىدۇ. تۇغۇلۇپ 40 كۈن بولغاندا « چىللىسى چىقىدۇ » ، يورۇق دۇنياغا ماسلىشىۋالىدۇ؛ توققۇز ئاي بولغاندا ، تۇغۇلغاندىن كېيىن توققۇز ئاي مۇددەتلىك ھاياتىي سىناقتىن ئۆتىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا - ئانىلار بالىنىڭ قىرىقى توشقاندا « قىرىقى سۈيى » بېرىدۇ. توققۇز ئاي بولغاندا « تىلغا كىرىش » ، « دەم - دەم تۇرۇش » مۇددىتىگە قەدەم قويىدۇ. بۇ مۇددەتنىمۇ قۇتلۇق سانايدۇ. بالا قورساقتا « يەتتە 40 » كۈن، تۇغۇلغاندىمۇ «يەتتە 40» كۈن ئۆتكۈزۈشى بەك ئېھتىيات قىلىنىدىغان مۇددەتلەردۇر. «سەككىز ئايدا تۇغۇلغان بالا ئەي بولمايدۇ» دېگەنلىك سەككىز ئاي كامىل بولمىغانلىق دېمەكتۇر.

يەتتە يۇلتۇز توغرىسىدا « قۇتادغۇبىلىك » تە مۇنداق بايانلار بار:

بۇلاردىن ئەڭ ئۈستۈن سەكەنتىر تۇرۇر،
ئىككى يىل سەككىز ئاي بىر بۇرجىدا قالۇر.

ئىككىنچى ئۇرۇندا تۇرىدۇ ئوڭاي،
قالۇر بىر بۇرجىدا ئۇ دەل ئون ئىككى ئاي.

ئۈچىنچى كۇرۇددۇر غەزەپتە يۈرۈر،
قايان بارسا بارلىق ياشارغان قۇرۇر.

تۆتىنچى قۇياشتۇر، يۇرۇتار جاھان،
يېقىن ھەم ئۇدۇل كەلگەننى ھامان.

بەشىنچى سەۋىتتۇر، سۈيۈملۈك ئۆزى،
ئۇ باقسا كۆرەرسەن خۇشاللىق يۈزى.

ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئارزۇ كىلەر،
ئۇ كىمگە يۇقۇشسا، تىلەككە يېتەر.

بۇلاردىن تۈۋەنرەكتە يالچىق تۇرار،
قۇياشقا ئۇدۇل باقسا تولۇن بولار.

« قۇتادغۇبىلىك » تىكى بۇ بېيىتلەردە يەنە يۇقىرىقى يەتتە يۇلتۇز ئىچىدىن ئۈچ يۇلتۇز- ئىلمى نۇجۇم نوقتىسىدىن سۆپەتلەنگەن . يەنى كۇرۇد(مارس)نىڭ«يامان»يۇلتۇزلىقىنى، سەۋت(ۋېنىرا) بىلەن ئارزۇ(مېركۇرىي)نىڭ «ياخشى»يۇلتۇز ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان.

ياپۇنىيە كالېندارىدىمۇ كۈنلەرنىڭناملىرى ھېلىھەم يەتتە يۇلتۇزغا توغرىلانغان بولۇپ يەكشەنبىدىن شەنبىگىچە بولغان كۈن ناملىرىنى « نىچى يۇۋبى،گېسى يۇۋبى،كا يۇۋبى،سۈي يۇۋبى، موكۇ يۇۋبى، كىن يۇۋبى، دو يۇۋبى » دەپ ئاتايدۇ، بۇ يەردىكى «يۇۋبى» سۆزى پالانى كۈن، پۇستانى كۈندىكى كۈن سۆزىنى بىلدۈرسە، قالغان «نىچى» دىن باشلاپ ئاخىرىدىكى « دو » غىچە بولغانلىرى رەت بويىچە قۇياش، ئاي، مارس، مېركۇرىي، يۇپىتېر، ۋېنىرا، ساتۇرن قاتارلىق پىلانېتلارنىڭ ناملىرىنى بىلدۈرىدۇ.

يۇقارقىلاردىن باشقا،بەزى ماتېرىياللاردا يۇقۇردىكى يەتتە پىلانېتقا تېبىبىي نۇجۇم نوقتىسىدىن نۇرغۇن ئىزاھاتلارنى بەرگەن بۇن ىڭدىن كۆپ ئۇچرايدىغانلىرى تۆۋەندىكىچە(بۇ مەلۇماتلارنىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسى ناھايىتى تۆۋەن، لېكىن پايدىلانغۇچىلار بىرە قېتىم ئاڭلاپ قويسا بولىدۇ) :قۇياش- ئاساسلىقى ھاياتلىقنىڭ مەركىزىنى يەنى ئۇمرۇتقا ۋە يۈرەكنى باشقۇرىدۇ.بەدەندىكى بارلىق ئەزالار بىلەن سىستېمىلارغا ھاياتىي كۈچ بېرىدۇ، نېرۋىلار ئۇمرۇتقا ئارقىلىق بەدەننىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىغا يېتىپ بارىدۇ. شۇڭلاشقا ئومۇرتقىنىڭ ئەھۋالى بەدەننىڭ ھەر بىر قىسمىغا تەسىر قىلىدۇ. بۇمۇ ئۇمرۇتقىنى ئۇۋلاپ داۋالاش ئۇسۇلىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسىنىڭ بىرى.

ئاي- قان ئايلىنىش سىستېمىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ ئاياللاردىكى ھەيز دەۋرىيلىكى بىلەن ئاينىڭ دەۋرىيلىكىنىڭ 28 كۈندىن بۆلىشى بۇنىڭ ياخشى مىسالىدۇر .شۇنىڭ ئۈچۈن ئاي بەدىنىمىزدىكى قان ئايلىنىش، ھەزىم قىلىش سىستېمىسىنى باشقۇرۇش بىلەن بىرگە بىزنىڭ ئېھتىياجىمىز(ئۇسساش، قورساق ئېچىش) ۋە كەيپىياتىمىزغا تەسىر قىلىدۇ. ئىچىلگەن دورا ۋە يېيىلگەن غىزالار ئاينىڭ باشقۇرۇشىنىڭ تەسىرگە

ئۇچرايدۇ.

مېركۇري - نېرۋا سىستېمىسى بەدىنىمىزدىكى « يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشىيول » بولۇپ، مېركۇرىيغا قاراشلىقتۇر. ۋېنىرا - بەدەندىكى كۆپىيىش سىتېمىسى ۋە قايتا ئۈسۈش سىستېمىسى شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بىئۇ-خېمىيىلىك تەڭپۇڭلۇقىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

مارس - بەدەندىكى ئېمونت(كېسەللىككە قارشى تۇرۇش) سىستېمىسىنى باشقۇرىدۇ.

يۇپىتېر - ئاساسلىقى جىگەرنى باشقۇرىدۇ ، بەدەننىڭ ئۆسۈشىنىمۇ ئۇ ئۆز ئۈستىگە ئالغان.

ساتۇرن - چەت ، چىگرالارنى باشقۇرىدۇ. بەدەندىكى تىرە توقۇلمىلار تەن ئىچى بىلەن تەن سىرتىنىڭ چېگرىسىدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ساتۇرن بەدەن تېرىسىنى باشقۇرىدۇ. ئۇندىن باشقا چىش، سۆڭەك قاتارلىق بەدەندىكى قاتتىق-مۇستەھكەم جايلارنى باشقۇرۇش بىلەن بىرگە يەنە ئاڭلاش ئىقتىدارىنىمۇ باشقۇرىدۇ.

ئۇندىن باشقا ئەل ئارىسىدىكى بەزى ماتېرىياللاردا كۆپىنچە كىشىنىڭ يۇلتۇزىنى ئايرىشتا شۇ كىشىنىڭ ئىسمىنى ئەبجەد ھىساپلاپ يەنى ئىسمىدىكى ھەرپلەرگە سان بېرىپ ئۇنى قوشقاندىن كېيىن چىققان ساننى 12 گە بۆلۈپ ئاشقان سانغا ئاساسەن يىلنى بېكىتىپ، يىلغا ئاساسەن يۇلتۇزىنى بېكىتىپ بۇ يۇلتۇزلارنى يۇقۇردىكى مەزمۇنلاردىكىگە ئوخشاش تۆت ئاناسىرغا ئايرىپ ئاندىن شۇ يۇلتۇزنىڭ مۇناسىپ كۈندە تائەت-ئىبادەت قىلىشقا ياكى باشقا ئىشلارغا مەشغۇل بولۇشقا تەشەببۇس قىلىدۇ كىشىنىڭ يۇلتۇزىنى بۇنداق ئايرىش ئىلگىرىكى زامانلارغا يەنى شۇ كىشىنىڭ ئىسمىنى مۇنەججىملەر تېپىپ بەرگەن بولسا مۇۋاپىق كېلىدۇ، چۈنكى ئۆز ۋاقتىدىكى مۇنەججىملەر بالىنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىدا قايسى سەييارە قايسى بۇرجتىكى چاغدا تۇغۇلغانلىقىغا قاراپ، ئاندىن بالىنىڭ ئىسمىنى ئەبجەدكە ئېلىپ ئەبجەدتىكى ھېساب بىلەن تۇغۇلغاندىكى يۇلتۇزنىڭ ئورۇن ۋاقتىنى بىر خىللاشتۇرۇپ قويغان ئىمىش. لېكىن يېقىنقى زامان تارىخىدا بۇنداق ئىسىم قويغاننى بىزمۇ ئاڭلاپ باقمىدۇق .شۇڭا ھازىرقى چاغلاردا كىشىنىڭ تۇغۇلغاندىكى يۇلتۇزىنى بۇنداق ئىسمىغا قاراپ

ئايرىش ئانچە ئاقلانىلىك ئەمەسمىكىن دەيمەن.

## بۇرجلار ۋە ئۈلارنىڭ يۇلتۇزلىرى توغرىسىدا

ئاسترولوگىيە - ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئۆز- ئارا ئورنى، ھەركىتى ۋە مۇناسىۋەتلىرىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئادەمنىڭ خاراكتىرىگە ، تەقدىرىگە ۋە ھەركىتىگە چۈشەندۈرۈش ياكى ئالدىن بېشارەت بېرىدىغان بىرخىل ئىلىم . دۇنيادىكى ھەرخىل مەدەنىيەتلەرنىڭ ئ وخشىمىغان ئاسترولوگىيىلىك سىستېمىسى ۋە نەزىريەسى بار . ھازىرقى زامان ئاسترولوگىيىسى- قەدىمكى ئىلمى نۇجۇمنىڭ داۋامى بولسىمۇ ھۆكۈم- بېشارەت جەھەتلەردە زامان- ماكانىنىڭ ئوخشىماسلىقى شۇنداقلا ھەر خىل سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن مەزمۇن ۋە ئۇسۇلدا ئۆزگۈرۈشلەرنى ھاسىل قىلغان.

بەزى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا ئىلمى نۇجۇمنىڭ كېلىپ چىقىشى(مەنبىيى) قەدىمكى مىسوپۇتامىيىلىكلەرنىڭ ئاسمان جىسىملىرى بېشارىتىدىن كەلگەن ئىكەن. مىلادىنىڭ ئالدىنقى 3- ئەسىرلەردە ئون ئىككى بۇرج ۋە بەش يۇلتۇز مۇقىملىنىپ بىشارەتچىلىككە باغلانغان .مىلادىنىڭ ئالدىرقى 4-6 ئەسىرلەردە ئاسمان جىسىملىرى بېشارەت ئىلمى مىسىرغا، گىرىتسىيىگە، يېقىن شەرق رايونلىرى بىلەن ھىندىستانغا كىرىپ كېينچە ھىندىستان ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرگەن .مىلادىنىڭ ئالدىنقى 16-18ئەسىرلەردىكى قەدىمكى بابىلۇن خاندانلىقىدا تۇنجى ئاسمان جىسىملىرى بېشارىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئويما خەتلىك كىتاب مەيدانغا كەلگەن. مىلادى1- ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئىلمى نۇجۇمنىڭ بەزى قائىدىلىرى ئاساسەن تۇراقلاشقان .ئىلمى نۇجۇمنىڭ نەزەرىيە ئاساسلىرى مىلادىنىڭ ئالدىدىكى 300يىل ۋە مىلادى 300- يىلغىچە بولغان 600 يىل ئىچىدە قەدىمكى گىرىتسىيىلىكلەرنىڭ پەلسەپىسىدە مەۋجۇت بولغان . بۇ خىل پەلسەپە قەدىمكى مىسوپۇتامىيىلىكلەرنىڭ ئاسمان جىسىملىرى بىشارىتى بىلەن بىرلىشىپ ئوت، ھاۋا، سۇ، تۇپراق قاتارلىق تۆت ئۇنسۇرغا باغلانغان دېيىلگەن.

گىرىتسىيىلىكلەرنىڭ ئىلمى نۇجۇمى ھىندىستانغا ، ئىرانغا كىرىپ ئىسلام

مەدەنىيىتىگىمۇ سىڭىپ كىرگەن .17 ـ ئەسىردىن كېيىن قۇياش مەركەز تەلىماتىنىڭ باش كۆتۈرۈشى تۈرتكىسىدە ئىلمى نۇجۇم ئىلىم ـ پەن تەرەپپىدىن قوللاشتىن ئايرىلىپ قالغان. بىراق يېقىنقى زاماندا ئىلمى نۇجۇم غەربتە قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان ئىلمى نۇجۇم چوڭ جەھەتتىن تۆت چوڭ ئېقىمغا كىچىك جەھەتتىن ئون نەچچە ئېقىمغا بۆلۈنگەن «ئەرەبچە ئىلمى نۇجۇم» مۇ مۇشۇ ئېقىملار ئىچىدىكى بىر ئېقىم ھېسابلىنىدىكەن. قەدىمدىكى ئىلمى نۇجۇم ھەربى ئىشلار، يېزائىگىلىك، تېبابەت، چارۋىچىلىق ھەتتا تۇرمۇشنىڭ كىچىك قاتلاملىرىغىچە سىڭىپ كىرىپ بېشارەت ـ ھۆكۈملەر شەخستىن باشلاپ دۆلەتكىچە ، تەبىئەتتىكى كىچىك ئۆزگىرىشلەردىن باشلاپ تۈرلۈك چوڭ ئاپەت ھادىسىلەرگىچە چېتىلغان . بېشارەت ـ ھۆكۈملىرىنىڭ بەزەنلىرى ھەتتا پال خاراكتېرىنى ئالغان بولۇپ ھۆكۈملەرنىڭ چىقىرىلىشى كەسكىن ۋەزنى ناھايىتى ئېغىر بولغان ئەمما بۇ ھۆكۈملەر ئاسترونومىيىلىك نەتىجىلەرگە ئاساسلىنىپ چىقىرىلغانلىقى ئۈچۈن پالچىلاردىن زور پەرقلىنىدىكەن . قەدىمى زاماندا خان ـ پادىشاھلار مۇنەججىملەرنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن .(شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى ئىسلام دىنىمىزدا پالچىلىق ئىنايىن چەكلەنگەن بولۇپ ھەرقانداق ئىلمى نۇجۇم شەخسىنىڭ تەقدىرىدىن ياكى كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ئىشلارنى چۆرىدەيدىكەن مېنىڭچە بۇ پۈتۈنلەي ھارام بولۇشى مۇمكىن . ئۇنى چەكلىمەك كېرەك. ناۋادا ئىلمى نۇجۇمنىڭ ھۆكمى ئىلمي نوقتىدىن ، قائىدە ـ پىرىنسىپلارغا ئۇيغۇن، قىسقىسى ئاللاھنىڭ قانۇنىدىن چەتنىمىگەن ئاساستا بولغان بولسا مەسىلەن ئېيتساق كۈن تۇتۇلۇش ھادىسىسى، ئاي تۇتۇلۇش ھادىسىسى ، دېڭىز سۈيىنىڭ كۆتۈرۈلۈش ـ پەسىيىشى قاتارلىقلار تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى بولۇپ ئۆز ۋاقتىدىكى يىتىلگەن مۇنەججىملەر ئاسترونومىيىلىك قائىدىلەردىن پايدىلىنىپ ھىساپلاپ چىقىش ئارقىلىق يۇقىرىدىكىدەك تەبىئى ھادىسىلەرنىڭ قاچان، قەيەردە يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئالدىن مۆلچەرلىگەن .

جەدۋەل B

| رېتى | قەدىمقى تۈرۈك تىلىدا | ئەرەب ـ پارىسچە | بەلگىسى | پەسلى | ئاناسۇرى | تەئەللۇق يۇلتۇزى | قەدىمى ئاتىلىشى | بەلگىسى | تەبىئىتى | تەئەللۇق بۇرجلىرى | تەۋە كۈنلىرى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | قوزا | ھەمەل | ♈ | 3.21--4.20 | ئوت | مارس | كۆرۈد ،مىررىخ | ♂ | قۇرۇق ئىسسىق | ♈ | سەيشەنبە |
| 2 | ئۆي | سەۋر | ♉ | 4.20--5.21 | تۇپراق | ۋېنىرا | سەۋت ، زۆھرە | ♀ | قۇرۇق سوغۇق | ♉ | جۈمە |
| 3 | ئاراندىز(قوشكىزەك) | جەۋزا | ♊ | 5.21--6.22 | ھاۋا | مېركۇرىي | ئارزۇ ، ئۇتارۇد | ☿ | مۆتىدىل | ♊ | چارشەنبە |
| 4 | قۇچىق(قىسقۇچپاقا) | سەرەتان | ♋ | 6.22--7.23 | سۇ | ئاي | يالچىق ،قەمەر ،ماھ | ☽ | ھۆل ئىسسىق | ♋ | دۈشەنبە |
| 5 | ئارسلان | ئەسەد | ♌ | 7.23--8.23 | ئوت | قۇياش | ياشىق ، شەمس | ☉ | قۇرۇق ئىسسىق | ♌ | يەكشەنبە |
| 6 | بوغداي بېشى | سۇنبۇلە | ♍ | 8.23--9.23 | تۇپراق | مېركۇرىي | ئارزۇ ، ئۇتارۇد | ☿ | مۆتىدىل | ♍ | چارشەنبە |
| 7 | ئۆلكۈ(تارازا) | مىزان | ♎ | 9.23--10.23 | ھاۋا | ۋېنىرا | سەۋت ، زۆھرە | ♀ | ھۆل ئىسسىق | ♎ | جۈمە |
| 8 | چايان | ئەقرەب | ♏ | 10.23--11.22 | سۇ | پلوتۇن | | ♇ | | ♏ | |
| 9 | يا | قەۋس | ♐ | 11.22--12.22 | ئوت | يۇپىتىر | ئۈڭاي ،مۇشتەرى | ♃ | قۇرۇق سوغۇق | ♐ | پەيشەنبە |
| 10 | ئوغلاق | جەدى | ♑ | 12.22--1.20 | تۇپراق | ساتۇرن | سەكەنتىر ،زۇھەل | ♄ | قۇرۇق سوغۇق | ♑ | شەنبە |
| 11 | كۆنەك | دەلۋە | ♒ | 1.20--2.19 | ھاۋا | ئۇران | | ♅ | | ♒ | |
| 12 | بېلىق | ھوت | ♓ | 2.19--3.21 | سۇ | نىپتون | | ♆ | | ♓ | |

يۇقىرىقى B جەدۋەلدىكى «يۇلتۇزلارنىڭ تەبىئىتى »ۋە «يۇلتۇزلارنىڭ كۈنى» دىن ئىبارەت ئىككى مەزمۇن مۇناسىۋەتلىك ئۇيغۇرچە نەشرىيات ماتېرىياللاردىن ھەم خەلقىمىز ئارىسىدىكى يازما ھەم ئېغىزاكى ماتېرىياللاردىن ئېلىندى . ( «يۇلتۇزلارنىڭ تەبىئىتى » ـ بۇ بىر مەزمۇن، مەلۇماتلاردا بىردەك ئەمەس شۇڭلاشقا مۇشۇ بىر مەزمۇن يەنە بىر دەلىللەشكە موھتاج) قالغان مەزمۇنلار ياۋروپادىكى نوپۇزلۇق ئاسترولوگىيە تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ ئېنگىلىزچە ماتېرىياللىرىدا ھەم بىزنىڭ ماتېرىياللىرىمىزدا ئوخشاش بولۇپ شۇنىڭدىن ئېلىندى.

# ئاي شارىنىڭ تەسىرى

بۈگۈنكى ئىلىم ـ پەن، ئاي شارىنىڭ يەرشارىغا بولغان تەسىرلىرىنى ئۆزى ئىسپاتلاپ چىققانلىقى ھەم ئېتىراپ قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاي شارى ئۈستىدە ئازراق توختىلايلى:

ئاي شارىنىڭ يەر شارىغا بولغان تەسىرى زور بولۇپ، ئاي شارىنىڭ تارتىش كۈچى يەرشارىدىكى دېڭىز سۈيىنىڭ كۆتۈرىلىشىگە سەۋەب بولىدۇ.دېڭىز سۈيى دولقۇنى كۆتۈرۈلگەنىدە دېڭىزلارنىڭ تېگى چالغۇنىدۇ . شۇنداق قىلىپ سۈركىلىش پەيدا بولىدۇ ـ دە، ئايلانما ھەرىكەت ئېنېرگىيىسى

ئىسسىقلىققا ئايلىنىدۇ . يەر شارىنىڭ ئايلانما ھەرىكەت ئېنېرگىيىسى ئەشۇنداق ئاستا ـ ئاستا خۇرايدىغانلىقى ئۈچۈن، بىزنىڭ بۇ يەرشارىمىزنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىشى ئاستىلىشىپ قالىدۇ دېگەن سۆيى كۆتۈرۈلىشى ۋە پەسىيىشى ۋەلسپىتىنىڭ تورمۇزىغا ئوخشاش رول ئوينايدۇ، ھەر مىڭ يىلدا يەرشارىنىڭ ئايلىنىشىنى بىر سېكۇنت ئۇزارتىدۇ.
ئاي شارى دېڭىز سۈيىنىڭ كۆتۈرۈلىشىنىلا كەلتۈرۈپ چىقارماي يەنە دېڭىز تېگىدىكى قاتتىق يەر پوستىمۇ مۇناسىپ ھالدا ئۆزگەرتىدۇ . تاغ جىنسى قاتلىمى يەرشارىنى بويلاپ ئىككى قېتىم بوشراق كۆتۈرۈلۈپ چىقىدۇ ئەمما بىزنىڭ بۇ سەييارىمىزنىڭ ھەرىكىتى ئۆزىنىڭ ئوخشاش بولمىغان قىسىملىرىنى ئاينىڭ ئاستىدىن ئۆتكۈزگەندە بۇنداق كۆتۈرۈلۈش دولقۇنسىمان بولۇپ قالىدۇ.
يەرشارى ئۆز ئوقىدا ئايلىنىشتىن كېچە ـ كۈندۈزنى پەيدا قىلسا، قۇياشنى بىر ئايلىنىپ چىقىشتىن تۆت پەسلىنى پەيدا قىلىدۇ.تۆت پەسىلنىڭ پەيدا بۇلىشى ئۈچۈن يەر شارى ئۆز ئوقىدا ئايلىنىش ئوربىتا تەكشىلىكى بىلەن بەلگىلىك يانتۇ بۇلۇڭ ھاسىل قىلىشى كېرەك ئەمىلىيەتتىمۇ 66 گىرادۇستىن ئارتۇقراق بۇلۇڭ ھاسىل قىلغان .يەرشارىنىڭ بۇنداق يانتۇلىقىنى ئالىملار ئاي ـ يەر مۇناسىۋىتىدىن بولغان دەپ قارايدۇ.
قۇياشمۇ يەر شارىدا كۆتۈرۈلۈش ـ پەسىيىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، بۇمۇ قۇياشنىڭ دولقۇن قوزغىشى دەپ ئاتىلىدۇ . بىراق قۇياش بىلەن يەرشارى ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق، ئاي بىلەن يەر شارى ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقتىن كۆپ چوڭ بولغاچقا قۇياشنىڭ دولقۇن قوزغاش كۈچى ئاينىڭ دولقۇن قوزغاش كۈچىدىن كىچىك بولىدۇ. كۆتۈرۈلۈپ پەسىيىشنىڭ دەۋرىيلىكىمۇ ئاي شارىنىڭ ھەرىكىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئاي قاراڭغۇسى ۋاقتىدا قۇياش ۋە ئاينىڭ ئورنى يەرشارىنىڭ بىر تەرىپىدە تۇرىدۇ بۇ چاغدا قۇياش بىلەن ئاينىڭ بىرىكمە تارتىش كۈچى چوڭ بولۇپ چوڭ دولقۇن شەكىللىنىدۇ . ئاينىڭ تولۇن ۋاقتىدا قۇياش بىلەن ئاي ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا يەرشارىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرىدۇ، ئىككىسىنىڭ ئۆز ـ ئارا ماسلىشىشىدىن يەنىلا چوڭ دولقۇن شەكىللىنىدۇ .شۇڭا قەمەرىيە ئېينىڭ 1 ـ ۋە 15 ـ كۈنىدە چوڭ دولقۇن كۆتۈرۈلىدۇ دېيىش مۇشۇنىڭغا ئاساسەن ئېيتىلغان . بىراق ئاي

دەسلەپكى چارەك بىلەن كېيىنكى چارەكتە تۇغان ۋاقىتتا قۇياشنىڭ تەسرى بىلەن ئاينىڭ تەسرى ئۆز ئارا يىيىشىپ دولقۇنجۇلىنىشىپ كىچىك دولقۇن شەكىللىنىدۇ .ئاي قوزغىغان ئىككى قېتىملىق يۇقىرى دولقۇن ئاينىڭ دەسلەپكى چارەك بىلەن ئاخىرقى چارەكتە تۇغان ۋاقىتىدا يۈز بېرىدۇ.ئەمەلىيەتتە كۆتۈرۈلۈش- پەسىيىش مۇرەككەپ بىر جەريان .ئاي قاراڭغۇسى بولغان كۈنلەردىكى ۋە تولۇن ئاي بولغان كۈنلەرد ىكى چوڭ دولقۇن شۇ كۈنلەردىن بىركۈندىن بىر نەچچە كۈنگىچە كېيىن قالىدۇ . ئاينىڭ دەسلەپكى چارەك ۋە ئاخىرقى چارەكتە يۈز بېرىدىغان چوڭ دولقۇن ۋە كىچىك دولقۇن مۇناسىپ كۈندىن بىر نەچچە سائەت كېيىن قالىدۇ.

ئۇندىن باشقا غەرب ئەللىرىدىكى نۇرغۇن دۆلەتلەردە ئاينىڭ ئىنسانلار ۋە هايۋاناتلارغا تەسىر قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلار تارقالغىلى بىر قانچە ئەسىر بولدى.1985 ـ يىلى ئامېرىكىلىق بىرەيلەن بىر قانچە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە بىر تۇرلۇك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان . نەتىجىدە 50% ئادەم ئاي تولۇن بولغان ئاخشىمى كىشىلەرنىڭ ي ۇرۇش ـ تۇرۇشنىڭ نىسبەتەن غەلىتىلىشىپ قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن 1995 ـ يىلدىكى باشقا بىر تەكشۈرۈش دوكلاتىدا ـ روھىي كېسەللىكلەر مۇتەخەسسىسلىرى تولۇن ئاي 81% ئادەملەرنىڭ هەركىتىگە تەسىر قىلىدۇ ـ دەپ قارىغان.

ئەنگىلىيەنىڭ « مۇستەقىللىق گېزىتى » دىكى بىر ماقالە كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قايتىدىن تارتقان . ماقالىدا ئاينىڭ تولۇن كەمتۈك بۇلىشى ئىنسانلارنىڭ ساغلاملىقىغا ناهايىتى زور تەسىر قىلىدىغانلىقىنى مەسلەن : يەللىك بوغۇم ئاغرىقى، سۈيدۈك خالتىسى كېسەللىكلىرى قاتارلىقلارنىڭ قوزغىلىشى قاتارلىقلار .ئۇندىن باشقا ئاينىڭ يەنە ئا دەم بەدىنىدىكى هورمۇنلار تەڭپۇڭلۇقىغا تەسىر قىلىدىغانلىقى شۇ سەۋەپتىن روهى ۋە ئەملى هەركىتىگە تەسىر قىلىپ قاتناش ۋەقەسى پەيدا بولىدىغانلىقى قاتارلىق مەزمۇنلار بايان قىلىنغان. بۇ ماقالىنىڭ مەنبىيى ئەسلىدە ئەنگىلىيە لىدىز ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر تۇرلۇك تەكشۈرۈش تەتقىقاتىدىن كەلگەن بولۇپ، تەكشۈرۈش تەتقىقاتىدىن بايقىلىشىچە ئاي تولۇن بولغان مەزگىلدە دوختۇرلارنىڭ كېسەل كۆرۈشى ئادەتتىكىدىن كۆپەيگەن،كېسەل كۆرستىشنى ئالدىن دىيىشىپ قويۇشمۇ %3.6 كۆپەيگەن. مۇشۇنىڭغا

مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلار باشقا دۆلەتلەردىمۇ ئېلىپ بېرىلـ غان. بۇ تەتقىقاتلاردىن يىگى ئاي (قۇياش بىلەن ئاينىڭ يەرشارىنىڭ بىر تەرىپىدە ئۆز ئارا تولۇق بىر سىزىقتا كەلگەن ۋاقتى) ۋە ئاي تولۇن بولغان(ئاي بىلەن قۇياش يەرشارىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تولۇق بىر سىزىقتا كەلگەن ۋاقتى ) مەزگىلدە ئادەم بەدىنى ئاينىڭ تەسىرىگە ئەڭ زو ر دەرىجىدە ئۇچرايدىغانلىقى بايقالغان.

«سلوۋاكىيە (چېخوسلوۋاكىيىنىڭ شەرقىدىكى بىر ئۆلكە نامى ) ئالدىنى ئېلىش ۋە دىئاگنوز- داۋالاش مەركىزى » نىڭ تەتقىقات خادىملىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك كىسەللىكلەر ئۈستىدىن 22 يىل ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن بايقىشىچە يىگى ئاي (بۇ يەردىكى يىگى ئاي- ئاينىڭ دەسلەپكى بىزگە كۆرۈنىدىغان ھىلال ۋاقتىدىكى ئاي بولماستىن يۇقۇردا ئىزاھات بەرگەن، بىزگە كۆرۈنمەيدىغان ئاي قاراڭغۇسى چېغى) ۋە تولۇن ئاي مەزگىلىدە كىشىلەرنىڭ يەللىك بوغۇم ئاغرىقى بىلەن زىققىغا گىرىپتار بۇلىشىنىڭ يۇقىرى باسقۇچى ئىكەن لىكىنى بايقىغان .گېئورگىيە ئونىۋېرسىتېتىنىڭ بىر تۈرلۈك تەكشۈرۈشىدە كىشىلەرنىڭ غىزالىنىشى ئاينىڭ تولۇن- كەمتۈكلۈكىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىنغان بولۇپ تەكشۈرگۈچىلەر 694 نەپەر ئادەمدە ئاينىڭ ھەرقايسى فازا ئۆزگۈرۈش مەزگىلىدىكى ئۇزۇقلۇقلارنىڭ سۈمۈرۈلۈشى ۋە غىزا تۈرلىرى تەكشۈرۈشىدىن ئاي تولۇن بولغان ۋە يېگى ئاي مەزگىلىدە كىشىلەرنىڭ باشقا ۋاقىتتىكىگە قارىغاندا غىزالىنىشى 8% ئاشقان، ھاراق ئىچىشى 26% ئازايغان.

ئاينىڭ ئادەم بەدىنىنىڭ فىزولوگىيىلىك فۇنكسىيىسىگە بولغان تەسىرى ئاياللارنىڭ ھەيز دەۋرىلىكىدە يەنى ئاينىڭ يەرشارىنى ئايلىنىش دەۋرىيلىكى بىلەن ئوخشىشىپ كىتىغانلىقىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ .ئۇنىدىن باشقا يېقىندا مېدىتسىنا ئالىملىرى ئوپراتسىيە كارىۋىتىدىكى 1000دىن ئارتۇق بىمارنىڭ قاناش خاراكتىردىكى كېسەللىكلەرنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئاي تولۇن بولغاندىكى ئاخشامدا ن اھايىتى يۇقىرى ھەم خەتەر باسقۇچىدا تۇرىدىغانلىقىنى، ئۆپكە سىلى كەلتۈرۈپ چىقارغان قاناشتىن بولغان ئۆلۈشنىڭ كۆپ قىسمى ئاي تولۇن بۇلىشىنىڭ ئالدى كەينىدىكى بىر قانچە كۈن ئىچىدە يۈز بەرگەنلىكىنى بايقىغان.

ئامرىكىنىڭ مىئامى شەھرىدىكى روھى كېسەل دوختۇرى ئانۇدلىبور « ئاي شارى - بىئولوگىيلىك دولقۇنىڭىزنىڭ كۆتۈرۈلىشىگە ۋە كەيپىياتىڭىزغا قانداق تەسىر قىلىدۇ » دېگەن كىتابىدا مۇنداق كۆرسەتكەن : ئادەم بەدىنىنىڭ 80% تى سۇيۇقلۇق بولۇپ ئاي شارىنىڭ تارتىش كۈچى دېڭىز سۈيىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانغا ئوخشاشلا ئادەم بەدىنىدىكى سۇيۇغلۇقلاردىمۇ ئەشۇنداق رول ئوينايدۇ - مانا بۇ «بىئولوگىيلىك تاشقىن» دەپ ئاتىلىدۇ .ئۇندىن باشقا ئادەم بەدىنىنىڭ ھۈجەيرىلىرى ماگنىت مەيدانىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، ئاي شارىنىڭ ماگنىت مەيدانى ئادەم بەدىنىدىكى ھۈجەيرىلەرگە تەسىر قىلىدۇ. ئاينىڭ دولقۇن كۆتۈرۈش كۈچى ۋە ماگنىت مەيدانى ئادەمنىڭ روھى پائالىيىتىگە تەسىر قىلىدۇ.ئاي تولغاندا بۇ تەسىرلەر نىسبەتەن چوڭ بولىدۇ، بۇ چاغدا ئادەمنىڭ باش قىسمى بىلەن كۆكرەك قىسمىدىكى ئېلېكتر پوتېنسىئال پەرقى چوڭ بولۇپ ئاسانلا جىددىيلىشىش، ئارتۇقچە ھاياجانلىنىش كىلىپ چىقىدۇ ياشلارنىڭ ئاي نۇرىدا مۇھەببەتلىشىشى، ھاراق خۇمارى ۋە روھى نورمال ئەمەسلەرنىڭ قوزغىلىشى، ياشانغانلارنىڭ ئاخشاملىرى بەختسىزلىككە ئۇچرىشى. . . .قاتارلىقلارنىڭمۇ ئاي بىلەن مۇناسىۋىتى يوق دېگىلى بولمايدۇ.

بەزى مەنبەلەردە بولسا دەل يۇقىرىقىنىڭ ئەكسىچە ئاي شارىنىڭ ئاد ەم بەدىنىگە ھېچقانداق تەسىرى بولمايدىغانلىقىمۇ سۆزلەنگەن.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيۇللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئاينىڭ ئون يەتتىنچى، ئون توققۇزىنچى، يىگىرمە بىرىنچى كۈنلىرى لوڭقا قويۇشۇڭلار (قان ئالدۇرۇش ) ناھايىتى ياخشى .(تىرمىزى 2503 - ھەدىس)

ئىبن سىنا مۇنداق دېگەن : « ئاي بېشىدا لوڭقا قويماسلىققا بۇيرۇلىدۇ، چۈنكى خىلتلار ئۇ ۋاقىتتا ھەركەتلەنمىگەن بولىدۇ، ئاي ئاخىرىمۇ بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ ۋاقىتتا خىلتلار كەملەيدۇ بەلكى ئاينىڭ ئوتتۇرىسى بولىدۇ، ئۇ ۋاقىتتا خىلتلار ھە رىكەتلىنىپ ئاينىڭ ھەجمى تولغانسېرى قانلار كۆپەيگەن ۋاقىتتۇر »

يۇقارقىلاردىن قارىغاندا، ئاي شارى شۇنداقلا باشقا يۇلتۇز - سەييارىلەرنىڭ

ئىنسان بەدىنىگە بولغان تەسىرىنى تېبابەت نوقتىسىدىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە مەسىلىدۇر.
بۇ ماقالىنىڭ ئاخىرىدا قۇياش سىستېمىسىدىكى ھەرقايسى سەييارىلەرنىڭ كەلگۈسى ئوتتۇز يىلدىكى (2009 ـ يىلدىن 2040 ـ يىلغىچە)ۋە ئۆتۈپ كەتكەن سەكسەن يىلدىكى (1930 ـ يىلدىن 2009 ـ يىلغىچە) ھەرقايسى بۇرجلاردىكى كۈندىلىك ، ئايلىق ئورنىنى مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ پۈتۈپ چىقىلدى. بۇلار گەرچە خەلقئارادىكى مۇناسىۋەتلىك خادىم ياكى ئورگانلارنىڭ ئەمگەك مېۋىسى بولسىمۇ سەۋىيەمنىڭ تۆۋەنلىگى سەۋەبلىك مۇشۇلارنى ئىزدەپ تېپىشقا ھەم رەتلەپ چىقىشقىمۇ بەش ـ ئالتە يىل ۋاقىت كەتتى.
بۇ ماقالىنى يېزىشتىكى ھەم قوشۇمچە جەدۋەللەرنى بېرىشتىكى مەقسىتىم: بىز ئۇيغۇرلاردا ئەمدى ھازىر ھەرقايسى سەييارىلەرنىڭ زامانىۋى پەن ـ تېخنىكىنىڭ ياردىمىدە ئەڭ ئىلمى ئەڭ توغرا بولغان ھەرقايسى بۇرجلاردىكى ئورۇنلىرى ئېنىق بولغان بولدى.
لېكىن
بۇلارنى تېبابەت ساھەسىگە ئىشلىتىش جەھەتتە بىزدە مۇۋاپىق قائىدە ـفورمۇلا كەمچىل ياكى بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتىمىز يوق دىيەرلىك.
ناۋادا بۇ خىل تېببىي نۇجۇمغا قىزىقىدىغان كىشىلىرىمىز چىقىپ قالسا ياكى قولىدا مۇشۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك قەدىمىي ماتېرىياللار بار كىشىلىرىمىز بولسا بۇ جەدىۋەللەردىن پايدىلىنىپ ئۆز ئالدىغا ئىزدىنىش قىلىپ باقسا ياكى مەن بىلەن ئالاقىلىشىپ بو توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇرۇش، ئىزدىنىش، تەجرىبە ـ تەتقىقات ئېلىپ بارساق، بولسا بۇ ئارقىلىق ئېرىشكەن ھاسىلات مېۋىمىزنى ئۇيغۇر تېبابەت ئىشلىرىمىزغا بالدۇرراق بېغىشلاپ دۇنيا ئىنسانىيەت ساغلاملىقىغا بىر كىشىلىك ھەسسىمىزنى قوشساق!
(«تاپقىنى گۈل كەلتۈرەر، تاپالمىغىنى بىر ۋاش پىياز » دەپتىكەن، ئەمدى بىزلەرنىڭ قول تۇتىشىدىغان ۋاقتىمىز كەلدى، ئىنسانلارغا پايدىسى تېگىدىغان ياخشى نەرسىلىرىمىز بولسا ئۇنى بىسىپ يېتىپ نىمە قىلارمىز، بۇلارنى رۇياپقا چىقىرىش ئۈچۈن ئورتاق تىرىشساق ئەي ئەزىزلىرىم!)
ئادرېسىم: خوتەن قاراقاش ناھىيە ئانا ـ باللار ساقلىقنى ساقلاش پونكىتى
كەسپىم : دوختۇر          چ چ : 1843487071